# زاد الصائم

# روزىدار ئوزۇقى

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ مۇھەببۇللاھ



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# زَادُ الصَّائِمِ

# روزىدار ئوزۇقى

ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاينى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار، ئەگەر هاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا شەئباندىن 30 كۈننى تولۇق ساناڭلار.

مۇهەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ مۇهىببۇللاھ

تۈركىستان باهارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 5
رامىزان ھارپىسىدا ........ 7
رامىزانغا ئىشتىياق باغلاش ........ 7
ئى اللە ! بىزنى رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرغىن ........ 7
رامىزانغا تەييارلىق قىلىش ........ 7
رامىزاندىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇۋېلىش چەكلەنگەن ........ 8
رامىزاندىن ئىلگىرى روزا تۇتۇشتىن چەكلىنىشىنىڭ ھېكمەتلىرى ........ 9
رامىزان ھارپىسىدىكى تەۋسىيەلەر ........ 9
يېڭى ئاينى ئىزدەش ........ 10
شەك كۈنى ........ 10
رامىزان كىرگەنلىكىنى بېكىتىش ........ 11
روزىنىڭ نىيىتى ........ 12
پۇشايماندىن بۇرۇن ........ 12
شەيتانلار باغلىنىدۇ ........ 12
رامىزان ئېيى — رەھمەت، مەغپىرەت ۋە دوزاختىن ئازاد بولۇش ئېيىدۇر ........ 13
بوشىشىپ قالماڭ ........ 13
رامىزان ئوغرىسى ........ 14
پەتىۋا سەھىپىلىرى ........ 15
بالىلارنى روزىغا كۆندۈرۈش ........ 15
روزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەدەپلىرى ........ 16
ھۇرۇنلۇق قىلماڭ ........ 17
يوچۇقنى ئېتىش ۋە كەمنى تولۇقلاش ........ 17
ھەقىقىي روزا ........ 18
روزا نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇلغان؟ ........ 18
روزا تەن سالامەتلىككە پايدىلىق ........ 19
ئوخشاش ئەجىر ........ 19
ئىپتار سورۇنى ........ 20

تەسىرلىك كۆرۈنۈش ........ 20
ئىپتاردىكى سۈننەتلەر........ 21
رامىزاندىكى شام نامىزى........ 22
سوھۇرلۇق ........ 22
رامىزاندا ئۆمرە ھەج قىلىش ........ 23
روزا ۋە دۇئا........ 24
قىممەتلىك ئەسلەتمە ........ 25
روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار........ 26
روزىدارنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشى ........ 27
تاماقلارنى تېتىپ بېقىش مەسىلىسى ........ 28
پۇراقلارنى پۇراش مەسىلىسى........ 29
جۇنۇب كىشىنىڭ روزىسى........ 29
مەزى ۋە ۋەدى چىقىش........ 29
روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار........ 30
بۆرەك يۇيغۇزۇش ........ 30
روزىنى توختىتىش........ 31
ئۆزرىلىكلەر........ 31
ھەيز توختىتىش دورىسى ئىشلىتىش........ 34
قازا ۋە كەففارەت........ 34
قازا روزا قەرزگە ئوخشاشتۇر........ 35
ۋاجىب روزىنى بۇزۇن تۇتۇش ........ 35
قازا ۋە نەپلە روزىنىڭ ئەجرى ........ 36
قازا روزىنى كېچىكتۈرگەن كىشى ھەققىدە ........ 36
جۈمە كۈنىدە قازا روزا تۇتۇش........ 37
زىممىسىدە قېلىپ قالغان روزىسى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ........ 37
تاراۋىھ نامىزى ۋە قىيامدا تۇرۇش ........ 38
تاراۋىھ نامىزىنىڭ ھۆكۈملىرى........ 39
رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى زىكىرلەر........ 40
مەسجىدلەر ئارا يۆتكىلىش ........ 40

رامىزاندا خۇپتەن نامىزىغا ئۇلگۇرەلمىگەن كىشى........................................ 40
كېچە نامىزىنىڭ ئەدەپلىرى................................................................. 41
جىم تۇرۇش ۋە ئوقۇش....................................................................... 41
دۇرۇس بولغان يىغلاش ..................................................................... 42
ۋىتىر نامىزىدىن كېيىنكى زىكىرلەر........................................................ 42
جامائەتنىڭ قۇرئانغا قاراپ تىڭشاپ بېرىش مەسىلىسى....................................... 42
قۇنۇتقا زىت كېلىدىغان ئىشلار............................................................ 43
بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر ئوقۇلمايدۇ ................................................. 43
ئىمامنىڭ قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇشتىكى ئەدەپلىرى ............................................ 44
قۇنۇتتا رىئايە قىلىدىغان ئىشلار............................................................ 44
بەزى ئايەتلەرنى تەكرارلاش ................................................................ 44
كۆپ ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئالىرى ......................................................... 45
كىچىك بالا ۋە مەسجىد ..................................................................... 46
ئاياللارنىڭ تاراۋىھ نامىزىغا چىقىشى ....................................................... 47
سالىھ ئايالنىڭ رولى ......................................................................... 47
رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرى ......................................................... 48
موھتاجلارغا تائام بېرىش.................................................................... 49
ئۆزرىلىكلەرمۇ ساۋاب ئالالايدۇ.............................................................. 49
قەدر كېچىسىنىڭ يوشۇرۇن بولۇشىنىڭ ھېكمىتى .......................................... 50
قەدر كېچىسىنىڭ بەرىكەتلىرى .............................................................. 50
كېچە ـ كۈندۈز تائەت ـ ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇش............................................ 51
ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدىكى كېچە نامىزى................................................... 51
قەدر كېچىسىنىڭ ئالامىتى .................................................................. 52
قەدر كېچىسىنى (تەخمىنەن) مۇئەييەنلەشتۇرۇش ......................................... 52
27ـ كېچىدە ئۆمرە ھەج قىلىنامدۇ؟ ......................................................... 53
قەدر كېچىسنى ئاخىرقى كېچىلىرىدىن ئىزدەش ............................................ 54
ئەمەللەر تۈگەنچىسىگە باغلىق............................................................... 54
قۇرئان خەتمىسىگە ئىشتىراك قىلىش......................................................... 54
ئەجىر كېمەيمەيدۇ............................................................................ 55

ئېتىكاپ ..... 55
رامىزان ۋە قۇرئان ..... 59
زىكىر ۋە مۇناجاتلار ..... 61
پىتىر زاكىتىنىڭ ئەھكاملىرى ..... 62
پەرز زاكاتنىڭ ئەھكاملىرى ..... 63
روزا ھېيت ئەھكاملىرى ..... 66
رامىزاندىن كېيىن ..... 69
شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش ..... 71
نەپلە روزا ..... 74
ياخشى پۇرسەت ..... 74
ئاق كۈنلەرنىڭ روزىسى ..... 74
ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ..... 74
جۈمە كۈنىدىكى روزا ..... 75
ئايال كىشىنىڭ نەپلە روزا تۇتۇشى ..... 76
مۇھەررەم ئېيىدىكى روزا ..... 76
ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى) دىكى روزا ..... 77
شەئبان ..... 82
زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنى ..... 83
ئەراپات كۈنىنىڭ روزىسى ..... 84
تەشرىق كۈنلىرى ..... 85
يىلنىڭ ئاخىرىنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋېلىش ..... 86

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يېگانە ۋە شېرىكسىز الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، بۇ ـــ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرى، سورۇنلىرى ۋە پەتىۋالىرىدىن تاللىغان ۋە ئاسانلاشتۇرۇلغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسقىغىنە پايدىلىق توپلام بولۇپ، بىز بۇندىن بۇرۇن بۇ پايدىلىق توپلامنى تېلېفون ئۇچۇرى شەكلىدە يوللىغان ئىدۇق. بۇگۈن بۇ توپلامنى قىسقىغىنە بىر رىسالىگە جەملەپ روزىدارلارغا ھەدىيە، ئابىدلارغا ئەسلەتمە سۈپىتىدە تەقدىم ئەتمەكچىمىز.

ئوقۇرمەنلەرگە قۇلاي ۋە جەلپ قىلارلىق شەكىلدە بولسۇن ئۈچۈن، بۇنى ئەسلى نۇسخىدىكىدەك ئىخچام نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بەزىدە كىچىككىنە پايدىغا كۆزىڭىز چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، الله سىزنى شۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرىدۇ، سىز قىيامەت كۈنى شۇنىڭ نەتىجىسىگە ھەمدە ئېيتىپ قالىسىز. ھىدايەت يولى ئاسانلاشقاندا شۇ يولدا ماڭالىغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىملارنىڭ ماڭغان يولى ھىدايەت يولىدۇر. بۈگۈنكى كۈندىكىدەك، ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش كۆپىنچە كىشىلەرگە مۇشەققەت تۇيۇلۇۋاتقان بىر زاماندا، مۇسۇلمان كىشىنىڭ بەزى پەزىلەتلەرگە يېتەلىشى ۋە ياخشىلىقتىن بىر قىسىم نېسىۋىگە ئېرىشەلىشى ئاسان ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئالىملار بىلەن سورۇنداش بولغان كىشى بەختسىز بولۇپ قالمايدۇ، ئالىم بولالمىغان كىشى ئالىملارغا سورۇنداش بولسۇن، سورۇنداش بولالمىغان كىشى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، پەتىۋالىرىغا نەزەر تاشلاشتىن ئۆزىنى مەھرۇم قويمىسۇن.

بىز بۈگۈن الله نىڭ پەزلى بىلەن روزىدار كىشى ئۈچۈن بىر رىسالە تەييارلىدۇق. ئەگەر روزىدار كىشى بۇ رىسالىگە قارىسا الله تائالانىڭ ئىلىم ئەھلى

ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئاتا قىلغان نېئمىتىنىڭ تولىمۇ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلاردا الله نىڭ سېخىيلىقىنىڭ تولۇق ۋە پەزلىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. كىمكى بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە (قىيامەت كۈنى) شۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈلىدۇ، كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ.

الله تائالادىن بۇ ئاددىي ۋە قىسقا رىسالىمىز ئارقىلىق روزىدار قېرىنداشلىرىمىزغا مەنپەئەت بىرىشىنى ھەمدە بۇ رىسالىنىڭ بىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت بولۇپ قېلىشىنى سورايمىز. شۈبھىسىزكى، الله دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىن زاتتۇر.

# رامىزان ھارپىسىدا

## ❖رامىزانغا ئىشتىياق باغلاش

سەلەپ ئالىملىرىمىزنىڭ رامىزان ئىشتىياقى ھەققىدىكى سۆزلىرىدىن مىسال ئالساق، يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى الله ! مېنى رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرغىن، رامىزاننى سالامەت چىقىرىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن ۋە رامىزاننى مەندىن قوبۇل قىلغىن».[1]

ئۇلار الله تىن ئۆزلىرىنى رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرۇشنى سوراپ دۇئا قىلاتتى، ئەگەر الله ئۇلارنى رامىزانغا ئۇلاشتۇرسا، ئۇلار رامىزاننىڭ ھەققىنى ياخشى ئادا قىلاتتى ۋە رامىزاندا الله قا ياخشى ئىبادەت قىلاتتى.

## ❖ئى الله ! بىزنى رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرغىن

قەبىلىداش بولۇشقان ئىككى ساھابە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، الله يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىپ شەھىد بولغان؛ ئىككىنچىسى، بىر يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشىدە ئىككىنچىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈن بولغانلىقىنى كۆرگەن ۋە بۇنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەندە كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «أليس قد مكث هذا بعده سنة وأدرك رمضان فصام وصلى كذا وكذا من سجدة في السنة» «بىرىنچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسى يەنە بىر يىل ياشاپ رامىزانغا ئۇلىشىپ، شۇ يىلقى رامىزان روزىسىنى تۇتقان، كۆپ ناماز ئوقۇغان ۋە سەجدە قىلغان ئەمەسمىدى؟» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلغان» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «فما بينهما أبعد مما بين السماء والأرض» «ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىنمۇ چوڭ» دېدى.[2]

ئى الله ! بىزنى رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرغىن.

## ❖رامىزانغا تەييارلىق قىلىش

---

[1] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 158 ـ بەت.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

• كۆپ روزا تۇتۇش. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما رأيته ﷺ أكثر صياما منه في شعبان» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (رامىزان ئېيىدىن) باشقا بىرەر ئايدا شەئبان ئېيىدىكىدىنمۇ كۆپرەك روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم». [1]

• قازا روزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددىتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان يكون علي الصوم من رمضان فما أستطيع أن أقضي إلا في شعبان» «مېنىڭ ئۈستۈمدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى قېلىپ قالاتتى، مەن پەقەت شەئبان ئېيىدىلا قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالايتتىم». [2]

• رامىزان تەييارلىقى سۈپىتىدە قۇرئان ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. شەئبان ئېيى «قارىلار ئېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

### ❖ رامىزان ئېيىنى قانداق كۈتىۋالىمىز؟

• الله قا يۈزلىنىش ۋە تەۋبە قىلىش.

• رامىزانغا سالامەت ئۇلاشتۇرۇش، روزا ۋە قىيامدا تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلىشى ئۈچۈن الله تىن ياردەم تىلەش.

• قازا روزىنى ئادا قىلىشقا ئالدىراش.

• روزا ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش.

• ئۆمرە ۋە ئېتىكاپقا ئوخشاش ياخشى ئەمەللەرگە تەييارلىق قىلىش.

• ھۇرۇن كىشىلەرنى تاشلاپ، ئىرادىلىك كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش.

• جېدەل ـ ماجىرا ۋە تالاش ـ تارتىشلاردىن يىراق بولۇش.

• روزا تۇتسا مۇشەققەت كېلىدىغان ئەمەللەرنى ئىمكانقەدەر توختىتىش.

• يېڭى ئاينى كۆرۈشكە ئىزدىنىش.

### ❖رامىزاندىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇۋېلىش چەكلەنگەن

شەئباننىڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنىدە روزا تۇتۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا سەھىھ ھەدىس كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تقدموا رمضان بصوم يوم ولا يومين إلا رجل كان يصوم صوما، فليصمه» «سىلەر رامىزان ئېيىدىن بىر ياكى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، (ئەمما ھەر ئايىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا) روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشى بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ».[1]

بۇ ھەدىستىكى چەكلىمە مۇتلەق ھالدا نەپلە روزىغا قارىتىلغان بولۇپ، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشى بولسا ئادىتى بويىچە روزا تۇتسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، زىممىسىدە قېپقالغان قازا ياكى كەففارەتكە ئوخشاش ۋاجىب روزا بولسا، بۇنى تۇتۇش تېخىمۇ لايىقتۇر.

## ❖رامىزاندىن ئىلگىرى روزا تۇتۇشتىن چەكلىنىشنىڭ ھېكمەتلىرى

شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر-ئىككى كۈنىدە روزا تۇتۇشتىن چەكلەشنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، رامىزانغا تەۋە بولمىغان روزىنى ئارتۇق تۇتۇۋالماسلىقتۇر. ئەھلى كىتابلار روزىنى ئۆزلىرى خالىغانچە كەم ياكى ئارتۇق، ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلىۋالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەكلەنگەن. شۇڭلاشقا دىنىمىزدا پەرز روزا بىلەن نەپلە روزىنىڭ ئارىسى ئېنىق ئايرىلغان، شۇنداقلا يەنە، پەرز ناماز بىلەن نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى سالام ياكى سۆز ۋە ياكى ئورۇننى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئايرىش يولغا قويۇلغان.[2]

## ❖رامىزان ھارپىسىدىكى تەۋسىيەلەر

• قەلبلەرنى ئۆچ-ئاداۋەتلەردىن تازىلاش ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش.

• رامىزان ئېيى — پەقەت رامىزان چىقىپ كەتكۈچىلا تەۋبە قىلىش ئېيى ئەمەس بەلكى سەمىمىي قەلب بىلەن تەۋبە قىلىش ئېيىدۇر.

• يېقىن-يورۇقلار، قوشنا-خولۇملار ۋە باشقا موھتاج كىشىلەرنىڭ رامىزاندا يېمەك-ئىچمەك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇش.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 158- بەت.

• باشقىلارغا ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ياخشى ئۇچۇرلارنى يوللاش، ئۆزئارا دۇئا قىلىشىش ۋە رامىزان ئېيىنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ جور بولۇش.

### ❖يېڭى ئاينى ئىزدەش

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أحصوا هلال شعبان لرمضان» «رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن شەئبانىنىڭ يېڭى چىققان ئېيىنى ساناڭلار».[1] يەنى، رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلەلمەي قالماسلىقىڭلار ۋە رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى بىلىشتە دەلىل ئۇستىدە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن يېڭى ئاينىڭ چىقىش ئورۇنلىرىنى ئىزدەشكە تىرىشىڭلار.[2]

سەلەفلەر شەئبانىنىڭ 29- كۈنى قۇياش پاتقاندا ئۆز شەھەر قازىلىرى بىلەن رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگىلى چىقاتتى. ئەگەر كۆرسە روزا تۇتاتتى، كۆرمىسە شەئباندىن 30 كۈننى توشقۇزاتتى.

**كۆزنەك ئۇسكۇنىلىرى ئارقىلىق يېڭى ئاينى كۆرۈش**

«تېلېسكوپ ۋە دۇربۇن قاتارلىق ئۇسكۇنىلەردە كۆزنەك ئارقىلىق يېڭى چىققان ئاينى بىلىش دۇرۇس. چۈنكى، بۇلارمۇ مۆلچەر بويىچە ئەمەس بەلكى كۆزدە كۆرگەنلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭدەك، تاغقا چىقىپ ياكى ئايروپىلان ۋە سۇنئىي ھەمراھتەك ۋاستىلەر ئارقىلىق كۆزنىتىشمۇ دۇرۇستۇر».[3]

«‹صوموا لرؤيته› ‹ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار›[4] دېگەن ھەدىس ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ئاي گەرچە كۆز بىلەن كۆرۈلمەي كۆزنەك ئۇسكۇنىلىرى ئارقىلىق ئېنىق كۆرۈلسىمۇ، بۇ كۆرۈش كۈچكە ئىگە بولىدۇ».[5]

### ❖شەك كۈنى

رامىزاننىڭ يېڭى ئېيى ئېنىق ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرى، شەئبانىنىڭ 30- كۈنى ئېھتىيات قىلىپ روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەستۇر. ئەممار رەزىيەللاھۇ

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] «تحفة الاحوذى» 3- توم 299- بەت.
[3] «مجمع فتاوى ابن باز» 15- توم 68- بەت .
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[5] «أبحاث هيئة كبار العلماء» 3- توم 46- بەت.

ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەر (رامىزان كىرگەنمىدۇ، كىرمىگەنمىدۇ دەپ) شەك قىلىشىۋاتقان كۈندە روزا تۇتسا، شۈبھىسىزكى، ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبىرىمىز) ﷺ گە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ». [1]

دائىمىي پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرى مۇنداق پەتىۋا بەرگەن: «كىمكى شەئبانىنىڭ 30- كۈنى يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىنى شەرئىي ئىسپاتلىماستىن روزا تۇتسا، گەرچە روزىسى رامىزانىنىڭ تۇنجى كۈنىگە توغرا كەلسىمۇ ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى بۇ كىشى روزا تۇتۇشتا ئېنىق شەرئىي ئاساسقا تايانمىغان. ھەدىستە، شەك كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىللەر كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشى شۇ كۈنى تۇتقان روزىسىنى قايتا تولۇقلايدۇ». [2]

«بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمام ئەئمەشنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن شەك كۈنىدە روزا تۇتۇش ھەققىدە كۆپ سوئال سورىغاندا، ئىمام ئۇلاردىن بىئارام بولۇپ ئۆيىدىن ئانار ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان. ئۇلار ئانارنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، سوئال سوراشقا تەمشەلگەندە ئىمام ئەئمەش دەررۇ ئانارنى يېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى كۆرۈپ جاۋابنى چۈشەنگەن». [3]

## ❖رامىزان كىرگەنلىكىنى بېكىتىش

رامىزانىنىڭ كىرگەنلىكى پەقەت يېڭى ئاينى كۆرۈش بىلەنلا بېكىتىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ: «صوموا لرؤيته وأفطروا لرؤيته» «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشتىن توختاڭلار»[4] دېگەن.

«رامىزان ئېيىنى بېكىتىشتە ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاشلارغا ئاساسلىنىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن توختاشنى يېڭى بىر ئاينى كۆرۈشكە باغلىغان، ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاشقا باغلىق قىلمىغان، بۇ ھەم تۈت مەزھەب ئىماملىرىنىڭ بىردەك قارىشى بولۇپ، بۇنىڭغا قارشى كۆزقاراشتا بولغانلارنىڭ قارىشى شاز بولغاچقا ئاساسلىنىشقا

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، بۇخارى بۇ ھەدىسنى باشقىلارنىڭ نەقىل قىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ تىلغا ئالغان.

[2] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10- توم 117- بەت.

[3] «العقد الفريد» ناملىق كىتاب 3- توم 52- بەت.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولمايدۇ». [1]

### ❖روزىنىڭ نىيىتى

نىيەت ــ رامىزان روزىسى قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من لم يبيت الصيام من الليل فلا صيام له» «روزا تۇتۇشقا كېچىسى نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى روزا ھېسابلانمايدۇ». [2] نىيەت قىلىش روزا تۇتۇشنى قەلبتە مەقسەت قىلىشتۇر. كىمكى روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ سوھۇرلۇق يېسە، بۇ نىيەتكە كۇپايە قىلىدۇ. نىيەت قەلبتە بولىدۇ، ئېغىزدا سۆزلەش ھاجەتسىز. شۇڭلاشقا، كۈن پاتقاندىن تارتىپ تاكى تاڭ يورۇغىچە بولغان ئارىلىقتا نىيەت قىلىش لازىم. ئاينىڭ بېشىدىلا قىلىنغان بىر قېتىملىق نىيەت پۈتۈن بىر ئايغا كۇپايە قىلىدۇ، لېكىن كۈندە نىيەتنى يېڭىلاش ئەۋزەلدۇر.

### ❖پۇشايماندىن بۇرۇن

ئايلار ئۆتەر توختىماي بىر ـ بىرگە ئەگىشىپ،
تىرىشقانلار ساۋابتىن مول ـ ھوسۇللار ئېلىشىپ.
ئۆتۈپ كەتسە گەر ۋاقتى زىرائەتنى تېرىشنىڭ،
ئولتۇرسەن ئاھ ئۇرۇپ، غەم، پۇشايمان ئەيلىشىپ.

رامىزان ئاخىرلاشقاندا رامىزان ئېيىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلماسلىق ئۈچۈن، يېتىپ كەلگەن بۇ ئاينىڭ ئەۋزەللىكىنى غەنىيمەت بىلىڭ. ئاي ئاخىرىدىكى ئەھۋالنى ئويدان ئويلانغان كىشى ئاي بېشىدىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. يامان ئاقىۋەتنى تونۇش يامانلىقتىن يىراقلىششقا ياردەم بېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رغم أنف رجل دخل عليه رمضان ثم انسلخ قبل أن يغفر له» «رامىزان ئېيى كىرىپ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى رامىزان ئېيى چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن». [3]

### ❖شەيتانلار باغلىنىدۇ

[1] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10 ـ توم 106 ـ بەت.
[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ﷲ تائالا بىزنى رامىزاندا شەيتانلارنىڭ باغلىنىشى، جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى، دوزاخ ئىشىكلىرىنىڭ تاقىلىشى، ئەجىرلەرنىڭ ھەسسىلىنىشى، روزىنىڭ بەندىگە شاپائەت قىلىپ، ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ جەننەتنىڭ رەييان دېگەن ئىشىكىدىن كىرگۈزىدىغانلىقى بىلەن ھۆرمەتلىدى.

ئەگەر بىر كىشى سوئال قويۇپ، «رامىزاندا شەيتانلار باغلانغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا گۇناھ-مەئسىيەتلەر يۈز بېرىدۇ؟» دېسە، بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە: «بۇ يەردىكى <باغلاش> دېگەنلىك ھەممە شەيتانلارنى ئەمەس بەلكى سەركەش شەيتانلارغا قارىتىلغان» دېگەن. يەنە بەزىلەر بولسا: «بۇ — ۋەسۋەسىنى چەكلىمەيدۇ بەلكى ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ» دېگەن. مانا بۇلارغا ئىنساني شەيتانلار ۋە يامانلىقتا ئۇندىگۈچى نەپسى-خاھىشلار قوشۇلسا رامىزاندا گۇناھ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىمىز. لېكىن بۇ ئايدا گۇناھ-مەئسىيەتلەر باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئاز بولىدۇ.

### ❖رامىزان ئېيى — رەھمەت، مەغپىرەت ۋە دوزاختىن ئازاد بولۇش ئېيىدۇر

مۇنۇ ھەدىس كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ تارقالغان ئەمما زەئىپ ھەدىستۇر: «أول شهر رمضان رحمة، وأوسطه مغفرة، وآخره عتق من النار» «رامىزان ئېيىنىڭ ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرى مەغپىرەت، ئاخىرى دوزاختىن ئازاد بولۇشتۇر».[1]

رامىزان ئېيى — رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان، ﷲ تائالا ھەربىر كېچىسىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان، ھەممىسى رەھمەت، مەغپىرەت ۋە دوزاختىن ئازاد بولۇش ئېيىدۇر.

### ❖بوشىشىپ قالماڭ

#### مۇئمىن

مۇئمىن كىشى مۇنۇ ھەدىستىكى كىشىلەردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ: «وللّه في كل ليلة عتقاء من النار» «ﷲ (رامىزان ئېيىنىڭ) ھەر كېچىسى جەھەننەمدىن بىر مۇنچە كىشىنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ».[2]

---

[1] «زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمى» 1569- ھەدىس.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۆئمىن كىشى بۇ ھەدىستىكى كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ: «إن جبريل عليه السلام أتاني، فقال: من أدرك شهر رمضان فلم يغفر له فدخل النار فأبعده اللّٰه، قل: آمين، فقلت: آمين» [جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كېلىپ: «كىمكى رامىزان ئېيىنى تېپىپ تۇرۇپ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنماي دوزاخقا كىرىپ كەتكەن بولسا، الله ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن! ئى مۇھەممەد! <ئامىن> دېگىن» دېگەنىدى، مەن: «<ئامىن> دېدىم»].[1] مۆئمىن كىشى ھەرگىز بوشىشىپ قالمايدۇ.

## ❖رامىزان ئوغرىسى

تور دۇنياسىدا تور قىمارلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ــــ رامىزان ئوغرىلىرىنىڭ قىلتىقىدۇر. بۇنى قىلغان ئادەم شېرىن چۈشلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور مەبلەغنى تۆلەيدۇ. مانا بۇ ــــ الله تائالا توسقان قىمار تۈرىگە كىرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، (ئۇ) جەننەت الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ الله نىڭ پەزلىدۇر، (الله ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر»[3].

رامىزان ئوغرىلىرى بۇ مۇبارەك ئايدا كىشىلەرنىڭ ئىبادەت يوللىرىنى

---

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەدىد 21 ـ ئايەت.

ئۇزۇشنى ۋە كىشىلەرنى تەقۋالىق قىلىشتىن توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا بىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەجبۇرىيەتلىرىمىز بار:

- الله رازى بولمايدىغان پروگراممىلارنى كۆرمەسلىك.
- ۋاقىتنى ئىمكانقەدەر ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەھلى-بالىلىرى بىلەن بىرگە الله رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش.
- تەلىم-تەربىيە ۋە روھىيەتنى ياخشىلايدىغان ۋاسىتىلارنى تارقىتىش.
- الله تائالانىڭ: ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن»[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىش.

## ❖پەتىۋا سەھىپىلىرى

رامىزاندا پەتىۋا بېرىش پروگراممىلىرى ۋە قانال ئارقىلىق پەتىۋا بېرىش بەك كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، تەقۋادار ۋە ئىشەنچلىك ئالىملاردىن پەتىۋا سورىشىمىز لازىم.

ئىبنى سىيرىن مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ ئىلىم — دىن دېمەكتۇر. سىلەر دىنىڭلارنى ئالىدىغان كىشىلەرگە ئوبدان قاراڭلار».

ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدىدە 70 كىشىنى ئۇچراتتىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە بەيتۇلمال تاپشۇرۇلسا، ئۇ بەيتۇلمالغا ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلاردىن ھەدىس نەقىل قىلمىدىم چۈنكى ئۇلار ھەدىس ئەھلى ئەمەس ئىدى».[2]

## ❖بالىلارنى روزىغا كۆندۈرۈش

رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاشۇرا كۈنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ كۈندە ئۆزىمىز روزا تۇتاتتۇق ۋە بالىلىرىمىزنىمۇ روزا تۇتقۇزاتتۇق. بالىلىرىمىزنىڭ قورسىقى ئېچىپ يىغلىسا، ئىپتار ۋاقتىغىچە دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن ئۇلارغا يۇڭدىن ئويۇنچاقلارنى ياساپ بېرەتتۇق».[3]

- بالىلارنى روزىغا كۆندۈرۈشكە پايدىلىق سۆز-ئىبارىلەر:

---

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «التمهيد» ناملىق كىتاب 1- توم 67- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

1. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ روزا تۇتاتتى.
2. بىزمۇ كىچىك ۋاقتىمىزدا روزا تۇتاتتۇق.
3. بالىلار بىر نەرسە يېمەكچى بولسا ئۇلارنى سەۋرگە ئۈندەش.
4. بالىلارغا روزىنىڭ ئەجرىنى ئەسلىتىش.

### ❖روزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەدەپلىرى

**روزىنىڭ ساۋابى**

الله تائالا بىر ھەدىس قۇددۇستا مۇنداق دېگەن: «فإنه لي» «روزىنىڭ ساۋابىنى ئۆزۈم بىرىمەن».[①]

الله تائالا روزىنىڭ ساۋابىنى ئۆزى بىرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى چۈنكى روزا ـــ ساۋابىنىڭ مىقدارىنى پەقەت الله لا بىلىدىغان، بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، باشقا ئىبادەتلەر روزىغا تەڭداش بولالمايدۇ. روزا ـــ ئۆز ساھىبىنى ھېسابسىز ئەجرگە ئېرىشتۈرىدىغان سەۋردۇر. روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا مۇبارەك بولسۇن!

**روزىدارنىڭ خۇشاللىقى**

روزىدار ئۈچۈن ئىپتار قىلغان ۋاقىتتا بىر خۇرسەنلىك بولۇپ، ئۇ پەقەت چەكلەنگەن يېيىش ـ ئىچىشنىڭ رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئىبادەتكە ۋە شۇ كۈنلۈك ئىبادەتنى تولۇق تاماملاش نېئمىتىگە مۇۋەپپەق بولغانلىق، شۇنداقلا الله رۇخسەت قىلغان نەرسىلەر بىلەن ئىپتار قىلىش، ئىپتارغا ئالدىراش بىلەن سۈننەتكە يېتىش ۋە ئىپتار قىلغاندا دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىق خۇرسەنچىلىكىدۇر.

**قەلب داۋاسى**

ئابىدلارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: «قەلب داۋاسى بەشتۇر:

- قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش؛
- روزا تۇتۇش؛
- كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش؛
- سەھەر ۋاقىتلىرى الله قا يىلىنىپ دۇئا قىلىش؛

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

- ياخشىلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇش». [1]

**روزىدارنىڭ ئەخلاقى**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يرفث» «ھاياسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن» (يەنى سەت ۋە بىزەپ سۆزلەرنى قىلمىسۇن)؛ «ولا يجهل» «نادانلىق قىلمىسۇن» (يەنى ۋارقىرىمىسۇن، يولسىزلىق قىلمىسۇن)؛ «وإن امرؤ شاتمه، فليقل: إني صائم، إني صائم» «بىرى ئۇنى تىللىسا <مەن روزىدارمەن> دېسۇن» [2] (يەنى جېدەلنىڭ بېسقىشى ئۇچۇن ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭغا رامىزاننى ئەسلەتسۇن، بەلكىم قارشى تەرەپ توختىشى مۇمكىن).

## ❖ھۇرۇنلۇق قىلماڭ

**«مەن روزىدارمەن»**

بەزىلەر بۇ گەپنى ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق ۋە سەۋرسىزلىكىگە باھانە قىلىۋالىدۇ ئەمما مۇئمىن كىشى بولۇپمۇ روزىدار ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى پۇختا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه يحب إذا عمل أحدكم عملا أن يتقنه» «الله تائالا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەمەل قىلسا ئۇنى پۇختا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ». [3] ئەكسىچە بەزى كىشىلەر «مەن روزىدارمەن» دېگەن بۇ سۆزنى روزىدار كىشىنى تىللاشقا ۋە روزىدار كىشىنىڭ سەۋرسىزلىكىگە باھانە قىلىۋالىدۇ.

(پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن): «إذا كان يوم صوم أحدكم، فلا يرفث، ولا يصخب، فإن سابه أحد أو قاتله فليقل إني امرؤ صائم» «سىلەردىن بىرەرسىڭلار روزا تۇتسا سەت گەپ قىلمىسۇن، جېدەللەشمىسۇن. ئەگەر بىراۋ تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ كىشى: <مەن روزىدارمەن> دېسۇن». [4]

## ❖يوچۇقنى ئېتىش ۋە كەمنى تولۇقلاش

روزىدار كىشى روزىسىدىكى نۇقسانىنى تولۇقلاش ھەمدە الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ سالىھ ئەمەلنى تاماملاش ئۈچۈن ئىستىغپاردىن ئەسلا بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «غەيۋەت روزىنىڭ

---

[1] نەۋەۋىنىڭ «الأذكار»ناملىق كىتابى 107 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ، ئىستىغپار تولۇقلايدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆزىنىڭ روزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قادىر بولالىسا شۇنداق قىلسۇن». ①

ھەسەن بەسرى (رەھمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سىلەر اللە نىڭ رەھمىتى قاچان چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر، شۇڭلاشقا كۆپ ئىستىغپار ئېيتىڭلار». ②

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ــ تەھەججۇدتىن كېيىنكى سەھەر ۋاقتىلىرىدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ «ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»③.

## ❖ھەقىقىي روزا

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتساڭ قۇلاق، كۆز ۋە تىللىرىڭمۇ يالغانچىلىق ۋە ھاراملاردىن ساقلانسۇن. خىزمەتچىڭگە ئەزىيەت بەرمە، كەمتەر ۋە سالماق بول. رامىزان كۈنلىرىڭ باشقا ۋاقىتتىكى كۈنلىرىڭگە ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن». ④

## ❖روزا نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇلغان؟

بەزى سەلەفلەردىن روزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بايلارنىڭ ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ ئاچلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان». ⑤

روزىدار كىشى بۇ ئايدا پېقىرلارغا زاكات ۋە سەدىقە بېرىش، ئاچلارغا تائام بېرىش، ئۇلارغا خەير-خاھلىق قىلىش، ئۇلارنى خەير-ئېھسان قىلغۇچىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا دۇئا قىلىش، باھانى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

---

① «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 232- بەت.

② «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 232- بەت.

③ سۈرە زارىيات 18- ئايەت.

④ «شعب الإيمان» 3- توم 317- بەت.

⑤ «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 3- توم 183- بەت. بۇ اللە تائالانىڭ: ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دېگەن سۆزىگە زىت ئەمەس چۈنكى بۇ ھەم تەقۋالىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## ❖ روزا تەن سالامەتلىككە پايدىلىق

روزا ــ ئىخلاس قىلىپ ۋە الله تىن ياردەم تىلەپ الله ئۈچۈن، الله نىڭ ياردىمى بىلەن ۋە الله يولىدا قانداق ئەمەل قىلىشىمىزنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ يەنە تەن سالامەتلىكىنى ئاسرايدۇ. روزىنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- بەدەننى راھەتلەندۈرۈش، زەھەرلەرنى تازىلاش.
- توقۇلما ۋە ھۈجەيرىلەرنى يېڭىلاش.
- ھەزىم قىلىشنى راۋانلاشتۇرۇش.
- ئەقلى ئىقتىدارنى كۈچەيتىش.
- قان تومۇر قېتىشىش، بوغۇم ياللۇغى ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئەلۋەتتە، پەرز ئەمەللەر ئارقىلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرى كۆزلەنمەيدۇ ئەمما بۇلارمۇ بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

## ❖ئوخشاش ئەجىر

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «من فطر صائما كان له مثل أجره، غير أنه لا ينقص من أجر الصائم شيئا» «كىمكى روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشىگە شۇ روزىدارغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ».[1]

بۇ ھەدىستىن شۇ ئايان بولىدۇكى، ئەگەر روزىدارنى بىر تال خورما بىلەن ئىپتارلاتسىمۇ، ئىپتارلاتقۇچىغا روزىدارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ، روزىدارنى تويغۇزۇش شەرت ئەمەس.[2]

بەزىلەر مۇنداق دەپ قارىغان: «بۇ يەردىكى ئىپتارلىتىش ــ روزىدارنى تويغۇزۇشتۇر، ئەمما تويغۇزۇشقا قادىر بولالمىسا بىرەر تال خورما ياكى بىرەر يۇتۇم سۈت ۋە ياكى سۇ بىلەن بولسىمۇ ئىپتارلىتىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىپتارلاتقان كىشى قىلغان چىقىمى ۋە ئىخلاسىغا يارىشا ئەجرىگە ئېرىشىدۇ

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 20- توم 93- بەت.

دىگەنلىكتۇر».

بۇ ھەدىستىكى ئىپتارلىنىدىغان كىشىلەر ــ باي ۋە كەمبەغەل ھەممە روزىدارغا، روزا ــ پەرز ۋە نەپلە ھەرقانداق روزىغا ئومۇمىيدۇر.[①]

زىممىسىدە قەسەمنىڭ كەففارىتى بار كىشى كەففارەت بېرىش نىيىتى بىلەن 10 مىسكىنگە كەچلىك تاماق بەرسە شۇ كەففارەتكە كۇپايە قىلىدۇ.[②]

### ❖ ئىپتار سورۇنى

روزىدارلارنى ئىپتارلىتىش ــ ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە دەۋەت قىلىشنىڭ تۇسىنى ئالغان كاتتا ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش كېرەك:

- دەۋەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش، سورۇنغا لېنتا ۋە ھەرخىل تىلدىكى كىتابلارنى ھازىرلاش.
- ئىسراپ قىلماسلىق، يېيىشكە بولىدىغان ئېشىپ قالغان تاماقلارنى موھتاجلارغا سۇنۇش.
- تاماقنى تەرتىپلىك ۋە توغرا يول بىلەن سۇنۇش.
- يولنى توسۇۋېلىش ۋە مەسجىدكە كەلگۈچىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇشتىن ساقلىنىش.
- زاكات پۇلىغا تائام تەييارلىماسلىق. چۈنكى، ئۇ سورۇنغا كەمبەغەل ئەمەس ۋە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرمۇ قاتنىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

### ❖ تەسىرلىك كۆرۈنۈش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دائىم مىسكىنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىپتار قىلاتتى، ئەھلى ـ بالىلىرى ئۇلار بىلەن ئىپتار قىلىشتىن توسسا شۇ كېچە كەچلىك تاماق يېمەي ئۇخلايتتى.[③]

شامغا ئەزان چىققان ۋاقىتتا مەسجىدلەرنىڭ بىرىدىكى ئىپتارلىتىش ئۆيىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋە مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلغان بىر دۆلەتمەن كىشى ئۆتكەن.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «لا يزال الناس بخير ما عجلوا الفطر» «كىشىلەر

[①] «مجموع فتاوى ابن باز» 25 ـ توم 207 ـ بەت.
[②] «مجموع فتاوى ابن باز» 23 ـ توم 141 ـ بەت.
[③] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 183 ـ بەت.

ئىپتارنى ئالدىراپ (كۈن تولۇق ئولتۇرۇپ بولۇشى بىلەن) قىلسىلا، ھەمىشە ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ». [1]

لېكىن، ئىپتارغا ئالدىراش — كۈن پاتقاندا ئالدىراشنى كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئىپتارغا ئالدىرىغانلىقتىن تېز مېڭىپ بەزى قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئەگەر شوپۇر يول ئۈستىدە بولۇپ، شام نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاپالىغان نەرسە بىلەن ئىپتار قىلىشى يېتەرلىك؛ ئەگەر بىرەر نەرسە تاپالمىسا، ئىپتار قىلىشنى قەلبىدە نىيەت قىلسا ھەم ئىپتارغا ئالدىرىغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئالالايدۇ.

## ❖ئىپتاردىكى سۈننەتلەر

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كان النبي ﷺ يفطر قبل أن يصلي على رطبات، فإن لم تكن رطبات فتميرات، فإن لم تكن تميرات حسا حسوات من ماء» «پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى بىر قانچە تال ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا بىر قانچە يۇتۇم سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى». [2]

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كان ﷺ إذا أفطر قال: ذهب الظمأ، وابتلت العروق، وثبت الأجر إن شاء الله» «پەيغەمبەر ﷺ ئىپتار قىلغاندا: <ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار ھۆل بولدى. الله خالىسا ئەجرمۇ ھاسىل بولدى> دەيتتى». [3]

**الله خالىسا ئەجرلەر ھاسىل بولدى**

ئىپتار دۇئاسىدا: «وثبت الأجر إن شاء الله» «الله خالىسا ئەجرمۇ ھاسىل بولدى» دېيىلگەن. باشقا بىر ھەدىستە: «لا يقولن أحدكم: اللّهم اغفر لي إن شئت» «بىرىڭلار دۇئاسىدا ھەرگىزمۇ: <ئى الله! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن> دېمىسۇن» [4] دەپ كەلگەن.

بۇ ئىككى ھەدىس مەزمۇنىدىكى پەرقنى قانداق چۈشىنىمىز؟

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان؛ ئەلبانى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئاۋۋالقى ھەدىس بەرىكەت تەلەپ قىلىش، ئۈمىد قىلىش ۋە ئۈقتۇرۇش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، دۇئا ئەمەس. ئىككىنچى ھەدىس دۇئا جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا دۇئادا الله نىڭ ساۋابىغا جەزم قىلىش، يېلىنىش ۋە يالۋۇرۇش زۆرۈردۇر.

ئەگەر بىر كىشى: «ئى الله ! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى خۇددى ئۇنىڭ ھاجىتى زۆرۈر ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

## ❖رامىزاندىكى شام نامىزى

رامىزاندا خۇپتەن نامىزى ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئەتراپىدا كېچىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلغانلىقتىن، ئايال كىشى بەزىدە شام نامىزىنىڭ ۋاقتىنى سەزمەستىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالىدۇ. (الله ساقلىسۇن!)

ئىبنى ئۇسەيمىن (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «شام نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن پاتقان ۋاقىتتىن باشلىنىپ بىر سائەت 15 مىنۇتقىچە سوزۇلىدۇ، بەزىدە ھەتتا بىر يېرىم سائەت سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن».[1]

## ❖سوھۇرلۇق

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «تسحروا، فإن في السحور بركة» «سوھورلۇق يەڭلار، چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار».[2]

**سوھۇرلۇقنىڭ بەرىكەتلىرى:**

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش، ئەھلى كىتابلارغا قارشى يول تۇتۇش.
- روزا تۇتۇشقا قۇۋۋەت ھازىرلاش.
- بامدات نامىزىنى جامائەتتە ئوقۇشقا تۈرتكە بولۇش.
- قورساق ئاچلىقىدىن پەيدا بولغان يامان خاراكتېرلەرنى يوقىتىش.
- دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنى تېپىش.
- سەھەرلەرنى ئىستىغپار بىلەن ئۆتكۈزۈش.

سوھۇرلۇقتا خورما يېيىش ياخشىدۇر. سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش سۈننەت بولۇپ، كېچىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېيىلسە، ئاندىن سوھۇرلۇق بولىدۇ.

---

[1] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 12 ـ توم 25 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «فلا تدعوه، ولو أن يجرع أحدكم جرعة من ماء، فإن الله وملائكته يصلون على المتسحرين» «سوھۇرلۇقنى تەرك ئەتمەڭلار، بىرىڭلار گەرچە بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ سوھۇرلۇق يېسۇن چۈنكى الله ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سوھۇرلۇق يېگۈچىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ».[1]

## ❖رامىزاندا ئۆمرە ھەج قىلىش

### پەرز ھەجگە باراۋەر

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «عمرة في رمضان تعدل حجة» «رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابى پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ».[2] شەئبانىنىڭ 30-كۈنى قۇياش پاتقاندىن كېيىن ياكى رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئۆمرە قىلسا رامىزاندا ئۆمرە قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

ئۆمرە ھەجدە قىستا-قىستاڭ ياكى باشقا ئىشلار سەۋەبلىك كۈتۈلمىگەن مۇشەققەتنىڭ يۈز بېرىشى ئەجرنى زىيادە قىلىدۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

- قىستا-قىستاڭ بولمىغان ۋاقىتتا ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلىشقا تىرىشىش.
- ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ قىستا-قىستاڭ سەۋەبلىك ئېھرامدىن چىقىشى دۇرۇس ئەمەس لېكىن قىستا-قىستاڭ سەۋەبلىك ئېھرامدىن چىقىشنى ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى نىيەت قىلغان بولسا دۇرۇس بولىدۇ.
- تاۋاپ جەريانىدا ئاياللار بىلەن قىستىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش.
- كەئبىگە بەك يېقىن تۇرۇپ خۇشۇئسىز قىلىنغان تاۋاپتىن، يىراق بولسىمۇ خۇشۇئ بىلەن قىلىنغان تاۋاپ ئەۋزەلدۇر.
- تاۋاپ جەريانىدا كەئبىنى ئۆزىنىڭ سول تەرىپىدە قالدۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك، لېكىن قىستا-قىستاڭ سەۋەبلىك ئازراق بۇرۇلۇپ كەتسىمۇ ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ.
- قىستا-قىستاڭ سەۋەبلىك ئارقىمۇ-ئارقا تاۋاپ قىلالمىسا بىر ئاز دەم

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، مۇنزىر بۇ ھەدىسنى «ئىسنادى كۈچلۈك» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېلىۋېلىپ كېيىن تاۋاپ قىلىسىمۇ بولىدۇ.

• قىستا-قىستاڭ يۈز بەرگەندىكى ئەۋزەل ئىش — تاۋاپ قىلغاندا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازنى ماقامى ئىبراھىمنىڭ كەينىدە ئوقۇماي، بوش يەردە ئوقۇشتۇر.

• بۇ كۈنلەردە قېرىنداشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئېھرام باغلىمىغان كىشىنىڭ تاۋاپ قىلمىغىنى ياخشى.

• «تەنئىم» ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇندىن تەكرار ئۆمرە ھەج قىلىش باشقا ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداقلا، بۇ قىزىقتۇرۇلغان ئىشمۇ ئەمەس.

• قىستاڭچىلىق ۋاقىتتىكى سۈننەت — ھەجەرۇلئەسۋەدكە قول بىلەن ئىشارەت قىلىش ۋە ئۇنى سىلىماسلىق.

• قىستاڭچىلىق ۋاقىتتا ئوغرىلىنىپ ياكى يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى بىرگە ئېلىۋالماڭ.

**دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار:**

ھەيزدار ئايال كىشى ھەمراھلىرى قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن پاكلىنىدىغان ياكى پاكلىنالمايدىغانلىقىنى بىلەلمىسە، ئېھرامسىز ھالەتتە مەككىگە كىرىپ، ھەيزدىن پاكلانغاندا «تەنئىم» دېگەن جايغا چىقىپ ئېھرام باغلاپ ئۆمرە ھەج قىلسا بولىدۇ، ئەگەر ھەيزدىن پاكلانمىسا ئۆمرە ھەج قىلماي قايتىپ كېتىدۇ.

## ❖روزا ۋە دۇئا

**روزىدارنىڭ دۇئاسى**

[روزا دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا، الله تائالانىڭ:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان

ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن))»[1] دېگەن سۆزى روزا ۋە روزىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئائىت ئايەتلەرنىڭ ئارىسىدا كەلگەن. بۇ ئايەتتە، دۇئا قىلىشقا، بولۇپمۇ ئېپتار ۋاقتىدا دۇئا قىلىشقا تىرىشىش ئۇچۇن كۆرسەتمە بېرىلگەن].[2]

روزىدارنىڭ جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتتا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولماسمۇ!؟

جۈمە كۈنى ئېپتار يېقىنلاشقاندا نەپسلەر ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھالەتتە الله ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۇرغان، ئۆز رەببىگە بويۇن ئەگكەن، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورققان، الله تىن ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قوبۇل قىلىنماسلىقتىن ئەنسىرىگەن، خالىي جايدا قەلبىدە الله نى ئەسلەپ كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن، تىللار زىكرىلەردە، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقۇپ تۇرۇپ قىلىنغان دۇئالار ئىجابەتكە نەقەدەر يېقىن ـ ھە! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَادْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا إِنَّ رَحْمَتَ اللَّهِ قَرِيبٌ مِنَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «(الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر»[3].

### ❖ قىممەتلىك ئەسلەتمە

بىز مانا بۇ مۇبارەك ئايدىكى كاتتا كۈننىڭ (جۈمە كۈنى) دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتلىرىدە تۇرماقتىمىز. بىز الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت يوللاپ، تاھارەت بىلەن قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ ئىخلاس ۋە يىغلىنىپ يالۋۇرۇش بىلەن دۇئا قىلىشنى ئەسكە ئېلىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ان اللّه تعالى حيي كريم، يستحيي من عبده إذا رفع يديه إليه أن يردهما صفرا» «شۈبھىسىزكى، الله بەكمۇ ھايالىقتۇر، بەكمۇ سېخىيدۇر، بەندىسى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرسە، الله ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ».[4]

---

[1] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 1 ـ توم 509 ـ بەت.

[3] سۈرە ئەئراف 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## ❖ روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار

**روزىنى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ تۈرلىرى**

«روزىنى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ تۈرلىرىدىن: جىما، قەستەن قۇسۇش، ھەيز، قان ئالدۇرۇشقا ئوخشاش سىرتقا چىقىرىش تۈرىگە كىرىدىغانلىرى ۋە يېيىش-ئىچىشكە ئوخشاش تولدۇرۇش تۈرىگە كىرىدىغانلىرى بار».[1]

**روزىنى بۇزمايدىغان ئامىللار**

• پېنسىلىن، ئىنسۇلىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق تولۇقلاش تۈرىگە كىرمەيدىغان ئوكۇللارنى سېلىش.

• كىلىزما قىلىش[2]، قۇلاق ۋە كۆزگە دورا تېمىتىش، زىققىغا دورا پۈركۈش قاتارلىقلار.

• دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئاز مىقداردا قان ئالدۇرۇش، بۇرۇن قاناش، چىش تارتقۇزۇش ۋە جاراھەت.

• ئۆزلۈكىدىن قۇسۇش.

• ھەلقۇمغا يېتىپ بارمىغان ئاساستا غەر-غەر قىلىش.

• بەدەنگە سىڭىش ئارقىلىق كىرىدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن: چاپلاق، مەلھەم... قاتارلىقلار.

• تۈكۈرۈك ۋە يوللاردىكى چاڭ-توزاننى يۇتۇش، پۇراقلارنى پۇراش.

• لازېر نۇرلۇق داۋالاش.

• چىش كولاش، چىش تارتقۇزۇش، چىش تازىلىتىش، پۇراقسىز مىسۋاكلارنى ئىشلىتىش، مەز-مەزە قىلىش ۋە غەر-غەر قىلىش دورىلىرى، ئېغىزغا پۈركىلىدىغان دورىلار، ھاجەت ئۈچۈن تائاملارنى تېتىپ بېقىپ تۈكۈرۈۋېتىش قاتارلىقلار. بۇلاردىن بىرەرسى ھەلقۇمغا كىرىپ كەتمىسىلا روزىنى بۇزمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئوزۇقلۇق تۈرىگە كىرمەيدىغان پېنسىلىن، ئىنسۇلىن، مەست قىلغۇچى ۋە ئەمەلىنىدىغان ئوكۇللار ئارقىلىق مەيلى مۇسكۇل، ياكى تومۇر، ياكى مەقئەت يولى ۋە ياكى جىنسىي يول ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارسا روزىنى

---

[1] «مجموع فتاوى ابن تيمية» 25- توم 248- بەت.

[2] ئىچىنى تازىلاش ياكى داۋالاش ئۈچۈن ئارقا تەرەت يولىدىن سۇ ياكى سۇيۇقلۇق ماڭدۇرۇش.

بۇزمايدۇ.

**روزىدارنىڭ سۈرمە تارتىشى**

ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشىدا، سۈرمە تارتىش روزىنى بۇزمايدۇ. ئەمما ئۇنى كېچىدە تارتقان ياخشى. شۇنىڭدەك، تېرىنىڭ تاشقى قىسمىغا ئالاقىدار بولغان ھۆسن تۇزەش، خېنە قويۇش قاتارلىق ئىشلارمۇ روزىنى بۇزمايدۇ. لېكىن ھۆسن تۇزەش يۈز تېرىسىگە زىيانلىق بولسا قىلدۇرماسلىق لازىم.[①]

**دانىخورەك چاپلىقى**

روزا تۇتقۇچىنىڭ دانىخورەك چاپلىقى ۋە كۆزگە سىڭىپ كىرىش تۈرىدىكى نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر تېمىتمىغا ئوخشاش ھۆكۈمدىدۇر. تېمىتما كۈچلۈك كۆزقاراشقا ئاساسەن روزىنى بۇزمايدۇ. ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «روزىدار كىشى قۇلىقىغا، كۆزىگە دورا تېمىتىدىغان ئىشلاردا گەرچە دورىنىڭ تەمىنى گېلىدا ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر يەپ-ئىچىش ۋە يەپ-ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى نەرسىلەر ئەمەس».[②]

**كالپۇكنى نەمدىگۈچى نەرسىلەر**

روزىدارنىڭ كالپۇك ۋە بۇرۇننى نەمدىگۈچى مەلھەمگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن بەلكى سۇ بىلەن نەمدىشىمۇ دۇرۇستۇر. بۇ تۈردىكى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە ۋە سۇ بىلەن نەمدىگەندە گالغا بىرەر نەرسە كىرىپ كېتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەمما ئىختىيارسىز كىرىپ كەتسە روزىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن، مەز-مەزە قىلغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن گالغا سۇ كىرىپ كەتسىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ.[③]

## ❖روزىدارنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشى

مىسۋاك ئىشلىتىش توغرىسىدا كەلگەن دەلىللەر ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، روزىدار كىشىنىڭ كۈندۈزلىرى مىسۋاك ئىشلىتىشىمۇ دۇرۇستۇر.

① «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 260- بەت.
② «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19- توم 205- بەت.
③ «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19- توم 224- بەت.

روزىدارنىڭ ئېغىز پۇرىقىنىڭ پەيزىلىتى مىسۋاك ئىشلىتىشنى يوقاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ پۇراق ئېغىزدىن ئەمەس بەلكى ئاشقازاندىن ھاسىل بولىدۇ. لېكىن لىمون ۋە پىننە تەملىك مىسۋاكقا ئوخشاش پۇراقلىق مىسۋاكلارنى ئىشلەتمەسلىك ياخشىدۇر، چۈنكى بۇ خىلدىكى مىسۋاكنىڭ قوشۇمچە ماددىلىرىنىڭ قورساققا كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بار.

**مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چۈشەنچىسى**

باشقىلار مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى مۇئاز! بەزى كىشىلەر روزا تۇتقۇچىنىڭ پېشىن نامىزىدىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىشىنى مەكرۇھ دەۋاتىدۇ ۋە ‹روزىدار كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر› دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىشىۋاتىدۇ» دېگەندە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ: «سۇبھانەللاھ! پەيغەمبىرىمىز بىزنى مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان ۋاقىتتا، روزا تۇتقۇچىدا ئېغىز پۇرىقىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى (ئەمەلىيەتتە بۇ پۇراق مىسۋاك ئىشلەتسىمۇ پەيدا بولۇۋېرىدۇ). رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئېغىزىنى پۇرىتىپ يۈرۈشكە بۇيرۇيدىغان زات ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىشتا ياخشىلىق يوق» دېگەن.[1]

ئەمما «إذا صمتم فاستاكوا بالغداة ولا تستاكوا بالعشى» «روزا تۇتقىنىڭلاردا ئەتىگىنى مىسۋاك ئىشلىتىڭلار، كەچتە ئىشلەتمەڭلار»[2] دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ زەئىپ ھەدىستۇر.

## ❖تاماقلارنى تېتىپ بېقىش مەسىلىسى

روزىدار كىشى زۆرۈر بولغاندا تائاملارنى تېتىپ باقسا ئاشقازانغا بېرەر نەرسە كىرىپ كەتمىسىلا روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «روزىدار كىشى ھەسەل ۋە ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى تېتىپ بېقىپ تۈكۈرۈۋەتسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ».[3]

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «(روزىدارغا) تائاملارنى

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، ھاپىز «ئىسنادى ياخشى» دېگەن.

[2] تەبەرانى توپلىغان. ھەيسەمى «سەنەدىدە كەيسان ئەبۇ ئۆمەر ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار» دېگەن، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىدا «سەھىھ ئىسناد» بىلەن توپلىغان.

ھاجەتسىز تېتىپ بېقىش مەكرۇھتۇر». [1]

دائىمىي پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھاجەت بولمىسا تېتىماسلىق كېرەك». [2]

## ❖پۇراقلارنى پۇراش مەسىلىسى

روزىدار كىشىنىڭ خۇشپۇراقلارنى پۇراپ بېقىشى دۇرۇس، ئەمما پۇراقنى سۈمۈرمەسلىك لازىم. ئۇ كىشىنىڭ روزىنى بۇزىدىغان ياكى روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدىغان نەرسىلەردىن كۆپ ئېھتىيات قىلىشى ۋە روزا تۇتقۇچى ماختالغان مۇنۇ ھەدىس قۇدسىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ناھايىتى گۈزەل بىر ئىشتۇر: «يدع شهوته وأكله وشربه من أجلي» «روزىدار كىشى شەھۋىتى ۋە يېمەك-ئىچمىكىنى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپلا تەرك ئېتىدۇ». [3]

## ❖جۇنۇب كىشىنىڭ روزىسى

روزىدار كىشى گەرچە جۇنۇبلۇق ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزسىمۇ، جۇنۇبلۇق ئۇنىڭ روزىسىغا ھېچ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. جۇنۇبلۇق، ھەيز ۋە نىپاستىن پاكلىنىش ئۈچۈن غۇسلىنى تاكى تاڭ يورۇغىچە كېچىكتۈرۈش دۇرۇس، ئەمما نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن غۇسلىغا ئالدىراش لازىم.

ئېھتىلام بولسا روزا بۇزۇلمايدۇ، ئەمما قولدا مەنىي چىقىرىش روزىنى بۇزىدۇ.

## ❖مەزى ۋە ۋەدى چىقىش

مەزى — ئەر كىشىدىن شەھۋىتى قوزغالغاندا، ئايالى بىلەن چاقچاقلاشقاندا ياكى ئايالىنى سۆيۈپ قويغاندا چىقىدىغان شىلىمشىق ئاق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئالىملارنىڭ كۆپلۈك كۆزقارىشىدا روزىنى بۇزمايدۇ، چۈنكى ئىبادەتلەردىكى ئەسلى قائىدە — ئېنىق دەلىل كەلمىگۈچە بۇزۇلماسلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭدىن ساقلىنىش تولىمۇ قىيىندۇر. [4]

ۋەدى — كىچىك تەرەتتىن كېيىن لەززەتسىز كېلىدىغان بەكرەك

---

[1] «مجموع فتاوى ابن تيمية» 4- توم 474- بەت.

[2] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10- توم 444- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 315- بەت.

شىلىمشىق سۈيۈقلۇق بولۇپ، بۇمۇ روزىنى بۇزمايدۇ، غۇسلىمۇ ۋاجىب بولمايدۇ، پەقەتلا ئىستىنجا قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولىدۇ.

### ❖روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار

• قەستەن يەپ-ئىچىش ۋە شۇ تۈردىكى ئىشلار. مەسىلەن، قۇۋۋەت ئوكۇلى سېلىش، قان سېلىش ۋە بۆرەك يۇيۇش قاتارلىقلار.

• جىما قىلىش (مەني كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن)، قول بىلەن مەني چىقىرىش.

• قان ئالدۇرۇش ۋە قان تەقدىم قىلىش.

• قەستەن قۇسۇش.

• گەرچە دىماغ يولى بىلەن بولسىمۇ، گالدىن ئۆتۈپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەر. مەسىلەن، بۇرۇنغا دورا تېمىتقاندا گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى.

• قويۇقلىشىپ سۈيۈق ھالەتكە كېلىپ گالدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇس-بوغۇناق.

• روزىنىڭ بۇزۇلۇشىدا روزىدار كىشىنىڭ بىلگەن، ئېسىدە بار بولغان بولۇشى ۋە ئۆزى خالاپ قىلغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

• قان ئالدۇرۇش. بۇنىڭغا پەيغەمبەرﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: «أفطر الحاجم والمحجوم» «قان ئالدۇرغۇچى ۋە قان ئالغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ».[①]

• كىشىدىن ئىختىيارلىق بىلەن كۆپ مىقداردا قان چىقىش. مەسىلەن، قان تەقدىم قىلغانغا ئوخشاش. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا قان ئالدۇرۇپ كېيىن روزىسىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىدۇ. بۇرۇن قاناش، پىچاق كېسىۋېتىش ۋە ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئىختىيارسىز ھالەتتە چىققان قان گەرچە كۆپ مىقداردا چىققان تەقدىردىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئاز مىقداردا قان ئالدۇرۇشمۇ روزىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.[②]

### ❖بۆرەك يۇيغۇزۇش

بۆرەك يۇيغۇزۇش — بۆرەكنى تازىلاش مەقسىتىدە بۆرەكتىن بىرئاز قان

---

[①] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19- توم 240- بەت.

چىقىرىپ، ئاندىن قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان ماددىلارنى قانغا قېتىپ سالىدىغان ئوپېراتسىيە بولۇپ، بۇمۇ روزىنى بۇزىدۇ. بۇنى قىلدۇرغان كىشى ئوپېراتسىيە جەريانىدىكى كۈنلىرىنىڭ روزىسىنى قايتا ئادا قىلىدۇ.[①]

ئى سىناقلارغا ئۇچرىغان كىشى! بالا ۋە مۇسىبەتكە سەۋر قىل. ئى ساغلام كىشى! سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن الله قا ھەمدە ئېيتقىن.

## ❖روزىنى توختىتىش

بىر كىشى روزىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن روزىنى بۇزماقچى بولسا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قارىلىدۇ. ئەگەر ئۇ روزا شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈنلۈك روزىغا ئوخشاش نەپلە روزا بولسا، روزىسىنى بۇزۇشى دۇرۇستۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الصائم المتطوع أمير نفسه، إن شاء صام وإن شاء أفطر» «نەپلە روزا تۇتقۇچى ئۆزىگە ئۆزى ئىگىدۇر. خالىسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، خالىسا روزىسىنى بۇزۇۋېتەلەيدۇ».[②]

ئەگەر ئۇ روزا رامىزاننىڭ قازا روزىسى، نەزىر روزا ياكى كەففارەت روزىسىغا ئوخشاش ۋاجىب روزىلار بولسا، كېسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرە بولماي تۇرۇپ سەۋەبسىز بۇزۇش ياكى توختىتىش دۇرۇس ئەمەس. روزىسىنى ئۆزرىسىز بۇزسا شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋە الله قا تەۋبە قىلىشى ۋاجىبتۇر.[③]

## ❖ئۆزرىلىكلەر

### ئاشكارا ۋە مەخپىي ئۆزرىلەر

ئېغىر كېسەل، مۇساپىر ۋە نىپاسدار ئايالغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسى ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى بىلمىدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بىر نەرسە يېسە دۇرۇس. ئەمما، ھەيزدار ئايالغا ئوخشاش ئۆزرىسى مەخپىي بولغانلار ئۆزىنىڭ تۆھمەتكە ئۇچراپ كەتمەسلىكى ۋە قارىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئايىنىڭ ھۆرمىتىگە سەل قارىغانلىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن روزا تۇتمىغانلىقىنى ئاشكارىلىماسلىقى ئەۋزەلدۇر.

### مۇساپىر

---

[①] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10 ـ توم 190 ـ بەت.

[②] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] «مجموع فتاوى ابن باز» 15 ـ توم 355 ـ بەت.

• سەپەردە ئىغىز ئوچۇق يۇرۇش مەسىلىسى

1. مۇساپىر كىشى روزىدىن قېچىپ سەپەر قىلماسلىق، سەپەر گۇناھـ مەئسىيەت سەپىرى بولماسلىق ھەمدە سەپەر مۇساپىسى ئۆلچەمگە توشقان بولۇش شەرتلىرى ئاستىدا ئىغىزى ئوچۇق يۇرسە بولىدۇ.

2. مۇساپىر كىشىنىڭ، ئەگەر سەپەردە مۇشەققەت كۆپ بولسا ئىغىزى ئوچۇق يۇرۇشتىكى رۇخسەتنى تۇتۇشى، ئەكسىچە بولسا روزا تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر.

3. بىر كىشى قۇياش پاتقىنىنى كۆرۇپ ئىپتار قىلغان، ئاندىن ئايروپىلان قوزغىلىپ ھاۋاغا كۆتۇرۇلگەندىن كېيىن قۇياشنىڭ تېخى پاتمىغانلىقىنى بايقىغان بولسا، بۇ ھالەتتە يەپ-ئىچىشتىن چەكلەنمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئايروپىلان قۇياش پېتىشتىن ئىلگىرى قوزغالغان ۋە ئۇ ئادەم شۇ سەپىرىدە روزىنى داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايروپىلاندىن چۈشكەن جايدا قۇياش پاتقاندا ئاندىن ئىپتار قىلىدۇ.

**ھەيز ۋە نىپاسقا دائىر مەسىلىلەر**

• ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللار رامىزاندا تاڭ يورۇشتىن بىر مىنۇت بۇرۇن ساقايغان بولسىمۇ شۇ كۇنلۇك روزىنى تۇتۇش ۋاجىب. پاكلىنىش كېچىكتۇرۇلسە بولىدۇ ئەمما كۈن چىققۇچە كېچىكتۇرمەسلىكى، ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك.

• ئايال كىشى ھەيزنىڭ ئالامىتىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ ئەمما ھەيز قېنى قۇياش پاتقاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، تۇتقان روزىسى دۇرۇس بولىدۇ.[①]

• نىپاسدار ئايال 40 كۈن توشماستىن بۇرۇن پاكلانغان بولسا غۇسلى قىلغاندىن كېيىن روزا تۇتىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، ئۆمرە ھەج قىلالايدۇ ۋە ئېرىنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلالايدۇ. ئەگەر 40 كۈن ئىچىدە بىر قېتىم پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قان كېلىپ قالسا، كەلگەن قان سەھىھ كۆزقاراشقا ئاساسەن نىپاس قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ پاكلانغان ھالىتىدە تۇتقان روزىسى، ئوقۇغان نامىزى ۋە قىلغان ھەجى دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ، پاك ھالىتىدە قىلغان ئىبادەتلەرنى

---

① «مجموع فتاوى ابن باز» 15ـ توم 192ـ بەت.

قايتا ئادا قىلمىسىمۇ بولىدۇ.[1]

• ئايال كىشى بالا چۈشۈرسە ياكى بالا چۈشۈپ كەتسە، چۈشكەن تۆرەلمە تېخى ئېنىق ئىنسان شەكلىگە كىرمىگەن، قول ياكى باش قىسىملىرى سىزىق هالىتىگە كەلمىگەن بولسا، بۇ ئايال نىپاسدار ياكى ھەيزدارنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس بەلكى ئىستىھازەنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ روزا تۇتۇۋېرىدۇ، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ھەر بىر ۋاق نامازغا ئايرىم تاھارەت ئالىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق ئايالالار نامازنى جەملەپ ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ھەربىر جەملەنگەن ناماز ۋە بامدات نامىزى ئۈچۈن بىر قېتىم غۇسلى قىلىشى مۇستەھەپتۇر.[2]

• ئەگەر ھامىلدار ئايال چۈشۈرۈۋەتكەن تۆرەلمىدە قول، پۇت، باشتىن ئىبارەت بوغۇملار بىلىنسە، بۇنداق ئايال نىپاسنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ ۋە تۇتمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى كېيىن ئادا قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بوغۇملار بىلىنمىسە، بۇ ئايالنىڭ ھۆكمى ئىستىھازەنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، پاكلىنىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. «تۆرەلمە بوغۇملىرىنىڭ بىلىنىش مۇددىتىنىڭ ئەڭ قىسقىسى 81 كۈن، ئادەتتە كۆپىنچە ھالەتتە 90 كۈن بولىدۇ».[3] ئەگەر 90 كۈندىن كېيىن چۈشۈپ كەتسە ۋە دوختۇرلار تۆرەلمە بوغۇملىرىنىڭ بىلىنمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، بۇمۇ ئىستىھازە بولىدۇ.

**ئاياللاردىن كېلىدىغان سارغۇچ سۇيۇقلۇق ۋە دۇغ سۇيۇقلۇق ھەققىدە**

ئەگەر بۇ خىل سۇيۇقلۇق ھەيز قېنى ئۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن بولسا ھەيز ھېسابلانمايدۇ، بۇنداق ئايال ھەر بىر ۋاق نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ۋە روزىنى ئادا قىلىدۇ؛ ئەگەر بۇ خىل سۇيۇقلۇق ھەيز قېنىغا ئۇلىشىپلا كەلگەن بولسا ھەيز ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق ئايال ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ.[4]

**رامىزان كۈندۈزلىرى پاك بولغان ئايال**

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 10 ـ توم 211 ـ بەت.
[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 10 ـ توم 229 ـ بەت.
[3] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19 ـ توم 258 ـ بەت.
[4] «مجموع فتاوى ابن باز» 10 ـ توم 207 ـ بەت.

ئايال كىشى رامىزان كۈندۈزلىرى ھەيزدىن پاك بولغان بولسا، ئالىملارنىڭ كۈچلۈك كۆزقارشى شۇكى، بۇ خىل ھالەتتە ئۇ ئايال شەرئىي جەھەتتىن ئۆزرىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە يېيىشتىن توختايدۇ ۋە شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.[①]

## ❖ھەيز توختىتىش دورىسى ئىشلىتىش

دائىمىي پەتىۋا كومىتېتى مۇنداق پەتىۋا بەرگەن: «ئايال كىشىنىڭ رامىزاندا ئادەت توختىتىش دورىسىنى ئىستىمال قىلىشى ئايالنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىك شەرتى بىلەن دۇرۇستۇر».[②]

ئەمەلىيەتتە، دوختۇرلار بۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «ھەيز توختىتىش دورىسىنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىق ۋە بالىياتقۇغا زىيانلىق ئىكەنلىكى مەلۇم».[③]

ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولغان بۇنداق دورىلارنى ئىستىمال قىلىشقا قارىغاندا ئۆز ھالىتىدە قېلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى، ھەيز ــ الله نىڭ ئۆز ئايال بەندىلىرىگە پۈتۈۋەتكەن قانۇنىيىتىدۇر. الله نىڭ قازاسىغا رازى بولۇشى، دۇئا، زىكىر ۋە سەدىقە ـ ئېھسان قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن الله قا يېقىنلىق ئىزدىشى ئۇ ئايالغا ياخشىدۇر.[④]

جۇۋەير مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام زەھھاكتىن: <ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللارنىڭمۇ قەدر كېچىسىدىن نېسىۋىسى بولامدۇ؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <شۇنداق، الله ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغان ھەرقانداق كىشىنى قەدر كېچىسىنىڭ ساۋابىدىن نېسىۋىدار قىلىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى».[⑤]

## ❖قازا ۋە كەففارەت

تولۇقلاپ تۇتۇلغان قازا روزا تۆۋەندىكى جەھەتلەردە رامىزان روزىسىغا

---

[①] «مجموع فتاوى ابن باز» 15ـ توم 193ـ بەت.

[②] «فتاوى اللجنة الدائمة» 5ـ توم 389ـ بەت.

[③] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19ـ توم 259ـ بەت.

[④] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19ـ توم 268ـ بەت.

[⑤] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 208ـ بەت.

ئوخشاشتۇر:

1. قازا روزىغا كېچىدە نىيەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

2. باشلىغاندىن كېيىن بۇزۇشقا بولمايدۇ.

ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، قازا روزا ھەققىدىكى ئايەت ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، قازا روزىنى ئارقىمۇئارقا ياكى كۈن ئاتلاپ تۇتۇش دۇرۇستۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ «باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[1].

### ❖قازا روزا قەرزگە ئوخشاشتۇر

قازا روزىنى ئادا قىلىش خۇددى ۋاجىب بولغان قەرزگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا دائىر ھۆكۈملەردىن:

1. روزىنى باشلىغاندىن كېيىن بۇزۇشقا بولمايدۇ.

2. ئارقىمۇئارقا تۇتۇش ۋە كۈن ئاتلاپ تۇتۇشىمۇ دۇرۇس.[2]

3. ئەگەر قېشىدا ئېرى بولمىسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت قىلىنمايدۇ؛ ئېرى قېشىدا بار بولسا ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالىدۇ لېكىن يەنە بىر يىلدىكى رامىزانغا ۋاقىت قىستاپ قالسا تۇتۇۋېرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان يكون علي الصوم من رمضان فما أستطيع أن أقضي إلا في شعبان» «مېنىڭ ئۈستۈمدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى قېلىپ قالاتتى، مەن پەقەت شەئبان ئېيىدىلا قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالايتتىم».[3]

### ❖ۋاجىب روزىنى بۇرۇن تۇتۇش

ئۈستىدە قازا روزىسى قېلىپ قالغان ئايال شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى تۇتۇشتىن بۇرۇن، رامىزاندىن قېلىپ قالغان قازا روزىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك. الله تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: «ما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلى مما افترضت عليه» «مەن بەندەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئەمەللەرنى

---

[1] سۈرە بەقەرە 185ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10ـ توم 339ـ بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن».[1]

ۋاجىب ئەمەللەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئەجرى مۇستەھەپ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئەجرىدىن كاتتا ئىكەنلىكىنى ئالىملار ئوچۇق بايان قىلغان.

ۋاجىبنى ئادا قىلىشقا ئالدىراش — زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتۇر.

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من صام رمضان ثم أتبعه ستاً من شوال كان كصيام الدهر» «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، (ھېيتتىن كېيىن) ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[2]

بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى، رامىزاندىن قېلىپ قالغان قازا روزىنى تۇتۇپ بولۇپ ئاندىن شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنى تۇتسا ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.[3]

## ❖قازا ۋە نەپلە روزىنىڭ ئەجرى

ئايال كىشى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، بۇ كۈنلەرنى رامىزاندىن قالغان قازا روزىسىنى تولۇقلاشتا غەنىيمەت بىلىپ، بۇ كۈنلەرنىڭ روزىسىغا رامىزاننىڭ قازا روزىسىنىمۇ قوشۇپ نىيەت قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا قازا روزىنىڭ ئەجرى ۋە نەپلە روزىنىڭ ئەجرىدىن ئىبارەت قوش ئەجىرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىسۇن. شۈبھىسىزكى، الله تائالا پەزلى-ئېھسانى ناھايىتى كەڭرى زاتتۇر.[4]

## ❖قازا روزىنى كېچىكتۈرگەن كىشى ھەققىدە

رامىزاندا بىر نەچچە كۈن روزا تۇتالمىغان كىشى يەنە بىر يىللىق رامىزان كېلىشتىن بۇرۇن رامىزاندىن قېلىپ قالغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب. ئەگەر رامىزاندىن قېلىپ قالغان قازا روزىسىنى تاكى يەنە بىر يىللىق

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 392- بەت.

[4] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 20- توم 48- بەت.

رامىزان كىرگۈچە كېچىكتۈرگەن بولسا، مۇنۇ ئىككى ھالەتنىڭ بىرىدىن خالىي بولالمايدۇ:

• يېڭى رامىزان كىرگەنگە قەدەر كېسىلى داۋاملاشقان كىشىگە ئوخشاش ئۆزرىلىك كىشى بولسا، بۇنداق كىشى پەقەت ساقايغاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ.

• قازاسىنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ سەل قارىغان كىشىگە ئوخشاش ئۆزرىسىز كىشى بولسا، بۇنىڭدىن ئۈچ خىل ئىش كېلىپ چىقىدۇ: گۇناھكار بولۇش، تەۋبە قىلىش، قازاسىنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بىرىش.

### ❖جۇمە كۈنىدە قازا روزا تۇتۇش

سوئال: ئەگەر بىر كىشىنىڭ زىممىسىدە رامىزاننىڭ بىر كۈنلۈك قازا روزىسى بار بولسا، بۇ روزىنى جۇمە كۈنىدە ئادا قىلسا بولامدۇ؟

جاۋاب: جۇمە كۈنىدە، ئۇ كۈننىڭ جۇمە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى زىممىسىدىكى قازا روزىنى ئادا قىلىش ياكى ئەرافات كۈنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتسا بولىدۇ.[①]

### ❖زىممىسىدە قېلىپ قالغان روزىسى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى

• قېرىلىق ياكى ساقايمايدىغان كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرە سەۋەبلىك روزا تۇتالماي، زىممىسىدە قازا روزا بار ھالەتتە ۋاپات تاپقان كىشىنىڭ ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بىرىلىدۇ.

• سەپەر ياكى ھەيز ۋە ياكى ساقىيىدىغان كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىلىرى داۋاملىشىپ، ئۆزرىسى يوقىمىغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ، فىدىيەمۇ بىرىلمەيدۇ.

• ئەگەر قازاسىنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تېپىپ تۇرۇپ قازاسىنى قىلمىغان بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا شۇ كىشىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش مۇستەھەپ بولىدۇ. ئۇلار كۈنلەرنى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار

---

① «فتاوى اللجنة الدائمة» 9 ـ توم 284 ـ بەت.

روزا تۇتۇشنى خالىمىسا، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىلىدىن مىسكىنگە تائام بېرىدۇ.

- ئەگەر رامىزان ئىچىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، رامىزاننىڭ قالغان قىسمى تولۇقلاپ تۇتۇلمايدۇ ۋە قالغان كۈنلەر ئۈچۈن تائام بېرىلمەيدۇ.

## ❖تاراۋىھ نامىزى ۋە قىيامدا تۇرۇش

### رامىزان ئىچىدا قىيامدا تۇرۇش

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «من قام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى رامىزان (كېچىسى) الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا (قىيامدا) تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».[1] يەنى، «ياخشى نىيەت، ھىممەت، ئىرادە ۋە ئىخلاس قىلغان ھالدا قەلب ھۇزۇرى بىلەن الله نىڭ ساۋابىغا ئىشەنگەن ۋە ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام تاراۋىھ نامىزىدىن قايتقاندىن كېيىن يەنە قىيامدا تۇرماقچى بولغان ئادەم ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيدۇ، ۋىتىر نامىزىنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

### الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا﴾ «ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ».[2]

ئۇلار تۈپتۈز سەپ بولۇپ، ياش تۆكۈپ، الله تىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىسى، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە كايىماقتا؛ يەنە بەزىسى، ئاخىرەتنىڭ دەھشىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماقتا: ۋە يەنە بەزىسى، ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى زاتنىڭ ئالدىدا ئەيمەنمەكتە. ئۇلارنىڭ ئادىتى ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە الله تىن نىجاتلىق سوراپ ئىلتىجا قىلىشتۇر.

ئى الله ! گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن.

### ئىمام قايتقانغا قەدەر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قام مع الإمام حتى ينصرف كتب له قيام ليلة» «كىمكى ئىمام نامازدىن قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرغان بولسا، ئۇ كىشىگە پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغانلىقنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ».[①]

بۇ ھەدىس، ئىمام بىلەن ئاخىرىغىچە بىللە تۇرۇپ پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغانلىقنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.[②]

ئىمام جامائەتكە 11 رەكئەت، ياكى 13 رەكئەت، ياكى 23 رەكئەت ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ بەرسىمۇ، تاكى ئىمام قايتقانغا قەدەر ئىمام بىللە قىيامدا تۇرۇش ئەۋزەل.[③]

ئەگەر بىر مەسجىدتە بىر قانچە كىشى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسە، پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىگە تولۇق قاتنىشىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.[④]

### ❖تاراۋىھ نامىزىنىڭ ھۆكۈملىرى

- ھەر ئىككى رەكئەت نامازنى باشلىغاندا باشلاش دۇئاسى ئوقۇش.
- ناماز ئارىلىقىدا زىكىر- تەسبىھ ئوقۇلمايدۇ.
- ئومۇمىي رەكئەت سانى بەلگىلەنمىگەن. (ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:) «صلاة الليل مثنى مثنى» «كېچىلىك ناماز ئىككى رەكئەت- ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ».[⑤]

شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ قىلغاندەك سەككىز رەكئەت تاراۋىھ نامىزى، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇش ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

- ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ المَلِكِ القُدُّوسِ»[⑥] دەيدۇ ۋە ئۈچىنچى قېتىمدا ئاۋازىنى سوزۇپراق دەيدۇ.[⑦]

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] «مجموع فتاوى ابن باز» 11- توم 319- بەت.

[③] «مجموع فتاوى ابن باز» 11- توم 326- بەت.

[④] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 14- توم 190- بەت.

[⑤] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[⑥] تەرجىمىسى: مۇقەددەس پادىشاھ الله نى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

[⑦] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## ❖رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى زىكىرلەر

رۇكۇ ۋە سەجدە ئىنسانىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىبادەت ھالىتى بولۇپ، كېچىلىك قىيامدا بۇ ئىككىسىنى ئۇزۇن قىلىش سۈننەتتۇر. كېچىلىك قىيامدىكى رۇكۇ ۋە سەجدىدە تۆۋەندىكى زىكىرلەر ئوقۇلىدۇ:

«سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ»[1].

«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي»[2].

«سُبُّوحٌ، قُدُّوسٌ، رَبُّ المَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ»[3].

## ❖مەسجىدلەر ئارا يۆتكىلىش

تاراۋىھ نامىزىدا خۇشۇئ ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە، قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇيدىغان ئىمامنى ئىزدەپ مەسجىدتىن مەسجىدكە يۆتكىلىش دۇرۇس. ئەگەر تاپقان ئىمامنىڭ قىرائەت قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قەلبى راھەتلىنىدىغان ۋە نامازدا خۇشۇئ ھاسىل بولىدىغان بولسا، نامازنى شۇ ئىمامنىڭ يېنىدا داۋاملاشتۇرسۇن چۈنكى بىر مەسجىدتە ھاسىل بولغان خۇشۇئ يەنە بىر مەسجىدتە ھاسىل بولماسلىقى مۇمكىن.[4]

## ❖رامىزاندا خۇپتەن نامىزىغا ئۇلگۈرەلمىگەن كىشى

سوئال: خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇپ، ئىمام تاراۋىھ نامىزى ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرگەن كىشى قايسى نامازنى ئوقۇيدۇ؟

جاۋاب: «ئەگەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى بولسا خۇپتەننى ئايرىم ئوقۇشى ئەۋزەل، خۇپتەننى نىيەت قىلىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىسىمۇ دۇرۇستۇر. چۈنكى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ، قەۋمى قېشىغا قايتىپ بارغاندا، قەۋمىگە خۇپتەن نامىزىنى نەپلە ھالىتىدە ئوقۇپ

---

[1] تەرجىمىسى: بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ۋە سەلتەنەتنىڭ ئىگىسى، كىبىرلىك ۋە كاتتىلىق ئۇنىڭغىلا خاس بولغان الله نى پاك دەپ ياد ئېتىمەن.

[2] تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز الله ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن. ئى الله ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن.

[3] تەرجىمىسى: ئى الله ! سەن بارلىق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكسەن، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ رەببىسەن.

[4] «مجموع فتاوى ابن باز» 11 ـ توم 329 ـ بەت.

بىرەتتى، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلاتتى.

ئەگەر بىرلا كىشى بولسا خۇپتەننى نىيەت قىلىپ ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇشى ئەۋزەل، قالغان قىسمىنى ئۆزى تولۇقلىۋالىدۇ».[①]

## ❖كېچە نامىزىنىڭ ئەدەپلىرى

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كان ﷺ إذا مر بآية فيها تسبيح سبح، وإذا مر بآية فيها سؤال سأل، وإذا مر بتعوذ تعوذ» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىدا تەسبىھ ئايەتلىرى ئۆتكەن چاغدا تەسبىھ ئېيتاتتى، دۇئا ئايەتلىرى ئۆتسە دۇئا قىلاتتى ۋە پاناھ تىلەيدىغان ئايەتلەر ئۆتسە پاناھ تىلەيتتى».[②] ئىمام ۋە جامائەت ئۇچۇن شۇنداق قىلىش يولغا قويۇلغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَتْلُونَهُ حَقَّ تِلَاوَتِهِ﴾ «بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار»[③] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «يەنى، ئۇلار رەھمەت ئايىتىنى ئوقۇغاندا الله نىڭ رەھمىتىنى سورايدىغان، ئازاب ئايىتىنى ئوقۇغاندا الله قا سېغىنىپ الله نىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيدىغان كىشىلەردۇر».[④]

## ❖جىم تۇرۇش ۋە ئوقۇش

ئۇنداقتا، تاراۋىھ نامىزىدا جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتىپ، پاناھ تىلەمدۇ؟

جاۋاب: ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ھېچ مەسىلە يوق. ئەمما، بۇنداق قىلىش جامائەتنىڭ ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىشىشىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكى كېرەك، ئەگەر دەخلى يەتكۈزسە قىلمىغان ياخشى. چۈنكى ئىمامغا قۇلاق سېلىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.[⑤]

**قۇنۇت دۇئاسىدا ئۆزگە مۇشەققەت سېلىش**

---

[①] «مجموع فتاوى ابن باز» 3- توم 29- بەت، «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 14- توم 231- بەت ۋە «فتاوى اللجنة الدائمة» 8- توم 402- بەت.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] سۈرە بەقەرە 121- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[④] «تفسير ابن كثير» 1- توم 404- بەت.

[⑤] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 13- توم 341- بەت.

قۇنۇت دۇئاسىدا سۆز-ئىبارىلەردە زىيادە تەكەللۇپ قىلىش، ئاۋازىنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن قىلىش مەكرۇھتۇر. كىشىلەرنىڭ قۇنۇت دۇئاسىنى ۋاجىب دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىمامنىڭ بەزىدە قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇماسلىقى ياخشىدۇر.[①]

## ❖دۇرۇس بولغان يىغلاش

الله تىن قورقۇپ ياش تۆكۈشمۇ ئىبادەتتۇر، الله تىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆزگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ﷺ ئۈن سېلىپ، ۋارقىراپ يىغلىمايتتى بەلكى يوشۇرۇن، ئۈنسىز يىغلايتتى. بەزىدە يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى، يەنە بەزىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتەتتى. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «له أزيز كأزيز المرجل» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يىغىسى قازان قاينىغاندەك ئىدى».[②]

بەزى ئىماملارنىڭ دۇئالىرى ئىمام ئۆزى رەتلىگەن ياكى باشقىلاردىن نەقىل قىلغان سۆزدۇر. قۇرئان ئاڭلىغاندا يىغلاش ئىنسان توقۇغان سۆزنى كۆككە كۆتۈرۈپ تۇۋلاشتىن بەكرەك لايىقتۇر.

## ❖ۋىتىر نامىزىدىن كېيىنكى زىكىرلەر

پەيغەمبەر ﷺ ۋىتىردىن سالام بەرگەندە ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ المَلِكِ القُدُّوسِ» دەيتتى، ئۈچىنچى قېتىمدا ئاۋازىنى سەل سوزۇپراق ئوقۇيتتى ۋە «رَبُّ المَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ» دەيتتى.[③]

## ❖جامائەتنىڭ قۇرئانغا قاراپ ئەگىشىپ بېرىش مەسىلىسى

تاراۋىھ نامىزىدا ئىمامنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا قاراپ ئەگىشىپ بېرىشىنىڭ سۈننەتكە خىلاپ بىر قانچە تەرىپى بار:

- ئىككى قولنى كۆكرەككە قويالماسلىق؛
- سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قارىيالماسلىق؛

---

[①] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 14- توم 161- بەت.

[②] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] «زاد المعاد» 1- توم 337- بەت.

- قۇرئاننى ئېچىش، بەت ئۆرۈش ۋە قويۇش قاتارلىق ھەرىكەت جەريانىدا خۇشۇئنىڭ ئاز بولۇشى؛
- ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنىڭ بۇزۇلۇشى؛
- تىڭشايمەن دەپ كۆپ كۆز يۇگۇرتۇش.[1]

### ❖قۇنۇتقا زىت كېلىدىغان ئىشلار

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ﴾ «الله نىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[2]. يەنى، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتقان، ئىخلاسمەن ۋە الله تىن قورققان ھالەتتە تۇرۇڭلار. شۇڭا نامازدا زۆرۈرىيەتسىز قىلىنغان ھەر قانداق ھەرىكەت ئورۇنسىز ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر قۇرئاننى كۆتۈرۈۋالىدۇ، سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قارىيالمايدۇ، قولنى كۆكرىكىگە قويالمايدۇ ۋە قۇرئاننى ئېچىش، بەت ئۆرۈش، يېپىش ۋە قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلەر تېلېفونلىرىدا قۇنۇت دۇئاسىنى ئۇنگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله بىزگە بۇيرۇغاندەك قۇنۇت ئوقۇشقا زىت كېلىدىغان زۆرۈرىيەتسىز ھەرىكەتلەردۇر.

### ❖بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر ئوقۇلمايدۇ

ئىمام بىلەن بىللە تاراۋىھ نامىزى ئوقۇپ بولۇپ، كېچە ئاخىرىدىمۇ يەنە نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل تاللاش بار:

- بىرىنچى، ۋىتىر نامىزىنى ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېچىدىكى نەپلە نامازلىرىنى جۈپ رەكئەتلىك قىلىپ ئوقۇيدۇ، ۋىتىر ئوقۇمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ۋىتىردىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان ئىدى. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «لا وتران في ليلة» «بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر ئوقۇلمايدۇ».[3]
- ئىككىنچى، ئىمام ۋىتىردىن سالام بەرگەندە سالام بەرمەستىن يەنە بىر رەكئەت قوشۇپ ئوقۇپ، ئاندىن كېچە نامىزىنى خالىغانچە ئوقۇپ كېچىنىڭ

---

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 11 ـ توم 341 ـ بەت، «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 14 ـ توم 232 ـ بەت.

[2] سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇيدۇ.[1]

- ئەمما بىرىنچى خىل ھالەت رىيادىن ساقلىنىشقا تىخىمۇ لايىق ۋە ئەۋزەلدۇر.

## ❖ئىمامنىڭ قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇشتىكى ئەدەپلىرى

### قۇنۇت ئوقۇغاندا ئىمامغا لايىق بولىدىغان ئىشلار

- قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن دۇئالارنى ئوقۇش.
- كىشىلەرنىڭ قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇشنى ۋاجىب دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزىدە ئوقۇماسلىق.
- سۆز-ئىبارىلەردە زىيادە تەكەللۇپ ۋە قاپىيەدىن ساقلىنىش.
- دۇئا ئەسناسىدا تىلغا ئېلىشقا لايىق بولمىغان ۋەقە ياكى سۆزلەرنى تىلغا ئالماسلىق.
- بەك يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ ئوقۇماسلىق.
- دۇئا تېمىسىدىن چەتنىمەسلىك، قۇنۇت دۇئاسىنى تەبلىغ ياكى ۋەز-نەسىھەتكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق.
- جامائەتكە مالاللىق يەتكۈدەك دەرىجىدە ئۇزۇن ئوقۇماسلىق.

## ❖قۇنۇتتا رىئايە قىلىدىغان ئىشلار

سوئال: ئىمام ۋىتىرنىڭ قۇنۇت دۇئاسىدا الله قا ھەمدە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن «حقا»، «نشهد» ۋە «يا الله» كەلىمىلىرىنى تەكرارلاشنىڭ ۋە قولنى كۆتۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قۇنۇت ئەسناسىدا جامائەتنىڭ «ئامىن» دەپ بېرىشى دۇرۇس ئەمما باشقا كەلىمىلەرنى دېمەي جىم تۇرۇشى ئەۋزەل. «سۇبھانەكە»، «سۇبھانە» دېگەندەك كەلىمىلەرنى دېسە دۇرۇس، قولنى كۆتۈرۈش توغرىسىدىمۇ بەزى پەتىۋالار كەلگەن.[2]

## ❖بەزى ئايەتلەرنى تەكرارلاش

ئىمام جامائەتنى ئايەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇرغا يېتەكلەش،

---

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 11- توم 311- ۋە 312- بەت.

[2] «فتاوى اللجنة الدائمة» 7- توم 49- بەت.

خۇشۇئ ۋە قورقۇش ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە بەزى رەھمەت ۋە ئازاب ئايەتلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇسا دۇرۇستۇر. ﴿إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ «ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»[1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇزۇن تۇرغان ئىدى. لېكىن، ئىمام جامائەتنىڭ بىئارامىلىق ھېس قىلىدىغانلىقىغا ۋە كۆڭۈلسىز يىغا ـ زار ئاۋازى پەيدا بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلسا، تەشۋىشلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەكرارلىماسلىق ئەۋزەلدۇر.[2]

## ❖كۆپ ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئالىرى

سۈننەتتە بايان قىلىنغان ۋە بىز كۆپ ئاڭلايدىغان قۇنۇت دۇئاسى ــ «وَاجْعَلْ ثَأْرَنَا عَلَى مَنْ ظَلَمَنَا».[3][4]

شەرھىسى: ئى الله ! بىزگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەردىنلا ئىنتىقامىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، ئىنتىقام ئېلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلاردىن قىلمىغىن، ئەگەر ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسەك جاھىلىيەتتىكىلەردەك ناھەق زۇلۇم قىلىپ سالىمىز.

بىز «وهب المسيئين منا للمحسنين» دېگەن دۇئانى قۇنۇتتا كۆپ ئاڭلايمىز.

شەرھىسى: ئى الله ! ياخشى كىشىلەرنىڭ دۇئاسى، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ۋە ئۇلارغا ھەمسۆھبەت بولۇشنىڭ بەرىكىتى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ــ گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىش سەۋەبلىرىدىندۇر، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان كىشى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. لېكىن مۇسۇلمان كىشى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى پەقەت مۇشۇ ئىشقىلا باغلىۋالماسلىقى،

[1] سۈرە مائىدە 118 ـ ئايەت.

[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 11 ـ توم 344 ـ بەت.

[3] تەرجىمىسى: بىزنى بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئىنتىقام ئالالايدىغان قىلغىن.

[4] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

اللہ قا ھەر دائىم تەۋبە قىلىپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ۋە تائەت-ئىبادەتلەردە تىرىشچانلىق قىلىشى لازىم.[1]

سەھىھ ھەدىسلەردە يەنە مۇنۇ دۇئامۇ بايان قىلىنغان: «ومتعنا بأسماعنا وأبصارنا وقوتنا ما أحييتنا، واجعله الوارث منا».[2][3]

بۇ دۇئادىكى «واجعله الوارث منا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى؟

جاۋاب: بۇنىڭ مەنىسى — ئى اللہ! كۆز ۋە قۇلاقلىرىمىزنى تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بىزدىن ئايرىمىغىن دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز مۇبالىغە شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، كۆز ۋە قۇلاقلىرىمىزنى خۇددى مىراسخور مىراس قالدۇرغۇچىدىن كېيىنمۇ مەۋجۇد بولغان كەبى داۋاملاشتۇرغىن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى يەنە «ئى اللہ! بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى بىزدىن كېيىنمۇ ۋارىسلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىزدا مۇھاپىزەت قىلغىن» دەپ چۈشەنگەنلەرمۇ بار.[4]

### ❖كىچىك بالا ۋە مەسجىد

دادا بولغۇچى بالىنى مەسجىدكە بىللە ئېلىپ بارغاندا بالىنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما، بالىلارنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش كېرەك:

- بالا ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن ۋە نامازنى چۈشەنگەن بولۇش.
- بالىنىڭ ھەرىكىتى رەتلىك بولسۇن ئۈچۈن، بالىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا بىللە ئولتۇرغۇزۇش.
- بالىنىڭ سەپلەرنىڭ ئارقىسىدا باشقا كىچىك بالىلار بىلەن بىرلىكتە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى سەپلەرنىڭ ئارقىسىغا كەتكۈزمەسلىك.
- يامان ئىشقا ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىمكان بار سىرتتا قويماسلىق.

---

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 6- توم 346- بەت.

[2] ئى اللہ! بىزنى كۆز، قۇلاق ۋە كۈچ-قۇۋۋەتلىرىمىزدىن پايدىلاندۇرغايسەن ۋە ئۇنىڭ ھەربىرىنى بىزگە ۋارىس قىلغايسەن (يەنى بىز ئۆلگۈچە سالامەت قىلغايسەن).

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] «تحفة الأحوذي» 9- توم 334- بەت.

• بالىغا نامازنىڭ ئەجرى ۋە تېزلا توگەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۇزۇنراق قىيامدا تۇرۇشقا ئۇندەش، ئەگەر بالىغا مۇشەققەت كېلىپ قالسا ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇش.

## ❖ئاياللارنىڭ تاراۋىھ نامىزىغا چىقىشى

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «لا تمنعوا نساءكم المساجد، وبيوتهن خير لهن» «ئاياللىرىڭلارنى مەسجىدلەردىن توسماڭلار، (نامازنى) ئۆيلىرىدە ئوقۇش ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشىدۇر».[①]

شۇڭلاشقا، ئاياللارنىڭ مەككە ياكى باشقا جايلاردا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاراۋىھ ياكى باشقا نامازلارنى ئۆيىدە ئوقۇشى ناھايىتى ئەۋزەلدۇر. ئەمما، ئاياللار تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاساسىدا مەسجىدكە بارسا بولىدۇ:

• شەرئىەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تولۇق ھىجابلانغان بولۇشى.

• ۋەلىيسى ياكى ئېرىنىڭ رۇخستى بولۇشى.

• ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەر بولۇپ قالسا، ئۇلار قارىغۇچىسىز قالماسلىقى.

• خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىكى ۋە زىننەتلەنمەسلىكى.

• شوپۇر بىلەن يالغۇز قېلىش ياكى ئەرلەر بىلەن قىستا-قىستاڭ بولۇشقا ئوخشاش ھارام ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى.

## ❖سالىھ ئايالنىڭ رولى

مۇئمىن ئايال — ئۆز جۈپتى ھالالى رامىزان پەزىلىتىدىن غەپلەتتە قالسا، ئۇنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا قىزىقتۇرىدىغان، ئۇنىڭغا قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتىنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ئايالدۇر.

ھەبىبۇل ئەئجەمىينىڭ ئايالى كېچىلىرى ئۆز جۈپتى ھالالىنى كېچە نامىزىغا ئويغىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى جۈپتى ھالالىم! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، كېچە توگەيلا دەپ قالدى، ئالدىڭىزدا تولىمۇ ئۇزاق بىر يول تۇرۇپتۇ. ئەمما، بىزلەر

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تەييارلىقىمىز چالا ۋە سالىھلار كارۋىنىدىن بەكمۇ ئۇزاقتا قالدۇق» دەيتتى.[1]

### ❖رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرى

بۇ كۈنلەردە ئىبادەتكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىش لازىم. ھېيت لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارلارغا ئالدىراش بىلەن ئاخىرقى ئون كۈننىڭ پەزىلىتىنى چىڭ تۇتۇش پەقەتلا ماسلاشمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن مۇبارەك ئون كۈن كىرىشتىن بۇرۇن ھېيت لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىشقا ئالدىرىمايمىز؟!

### ئېگىرگەن يىپنى چۇۋۇغان ئايال

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِنْ بَعْدِ قُوَّةٍ أَنْكَاثًا تَتَّخِذُونَ أَيْمَانَكُمْ دَخَلًا بَيْنَكُمْ أَنْ تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرْبَى مِنْ أُمَّةٍ إِنَّمَا يَبْلُوكُمُ اللَّهُ بِهِ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَا كُنْتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «سىلەر پىششىق ئېگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار. بىر جامائە (سان ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەمڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل-مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسىلەر)، الله سىلەرنى ھەقىقەتەن بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ، سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق-ناھەقنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئايرىپ بېرىدۇ».[2] بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، يىپنى ئېگىرىپ كېيىمنى تىكىپ پۈتكۈزگەن، ئاندىن ئۇنى بىر-بىرلەپ چۇۋۇپ تاشلىغان ئايالغا ئوخشاش دېگەنلىكتۇر. يەنى، بۇ — رامىزاننىڭ بېشىدىكى 20 كۈندە تائەت-ئىبادەتتە چىڭ تۇرغان ئەمما سالىھ ئەمەللەرنىڭ بازىرى بولغان ئاخىرقى ئون كۈنلىرىگە كەلگەندە، تائەت-ئىبادەتنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس بازارلىرىدا يۈرگەن ئايالغا مىسالدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «كان ﷺ

[1] «صفة الصفوة» ناملىق كىتاب 1- توم 407- بەت.

[2] سۈرە نەھل 92- ئايەت.

يجتهد في العشر الأواخر مالا يجتهد في غيره» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە تىرىشاتتى».[1]

**گۈزەل ئۈرنەك ــــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام**

پەيغەمبەر ﷺ كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئەھلى ـ بالىلىرىنى نامازغا ئويغىتاتتى، كۆپ ناماز ئوقۇغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى، نامىزىدا الله تىن قورقۇپ يىغلىغانلىقتىن مۇبارەك ساقاللىرى ۋە سەجدە ئورۇنلىرى ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە تائەت ـ ئىبادەتلەردە تىرىشاتتى، ئۇلار ناماز ئوقۇپ ھەتتا سوھۇرلۇق يەيدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ دىن كېيىن ناماز ئوقۇپ قىيامدا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن ھەتتا ھاسىلارغا تايانغان ئىدى.

## ❖موھتاجلارغا تائام بېرىش

تائام تەييارلاپ مەسجىدلەرگە ئەۋەتىش بەكمۇ ساۋابلىق بىر ئىشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇلۇغ كېچىلەردە مەسجىدلەر خىزمىتىنى قىلىشقا تېخىمۇ لايىق بولغان نامازخانلار ۋە ئېتىكاپ قىلغۇچىلار بىلەن توشىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا مىسكىنلەرگە تائام بېرىشنىڭ ئەجرى كاتتا بولغان يەردە، الله قا ئىتائەت ۋە تەقۋالىق قىلىۋاتقانلارغا سوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق بېرىشنىڭ ئەجرى نەقەدەر كاتتا بولار ـ ھە!؟

## ❖ئۆزرىلىكلەرمۇ ساۋاب ئالالايدۇ

شەيتان بەزىدە ھەيزدار ياكى نىپاسدار ئاياللارغا بىكار تۇرغانلىقىنى ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇنى ئۆي بېزەشكە ياكى بازارغا چىقىشقا ئۈندىشى مۇمكىن. بۇنداق ئاياللار روزا تۇتالمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە باشقا نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلالايدۇ. مەسىلەن:

- الله نىڭ مۆجىزىلىرى ۋە نېئمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش.
- قەلب ۋە تىلىدا الله نى ئەسلەش، الله قا دۇئا قىلىش.
- قۇرئاننى تۇتمىغان ھالەتتە تىلاۋەت قىلىش.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

• ھەيزدىن ئىبارەت الله پۈتكەن تەقدىرگە رازى بولۇش.
• ئۆمرە قىلغانلارنىڭ قىلىپ قالغان بالا-چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش.
• ئېھسان قىلىش، مىسكىنلەرگە تائام بېرىش ۋە روزىدار كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش. مۇنۇ ھەدىس ئۇستىدە ئويلىنىپ بېقىڭ: «ذهب المفطرون اليوم بالأجر» «بۈگۈن روزا تۇتمىغانلار ساۋابقا ئېرىشتى».[①]

## ❖قەدىر كېچىسىنىڭ يوشۇرۇن بولۇشىنىڭ ھېكمىتى

قەدىر كېچىسىنىڭ يوشۇرۇن بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئون كېچىلەردە يۆتكىلىپ تۇرۇشىنىڭ ھېكمىتى ـــ بەندە ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن «بۇ كېچە قەدىر كېچىسى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، تائەت-ئىبادەت ۋە دۇئا-تەسبىھلەرنى كۆپ قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ھەر كېچىدە الله قا بولغان قۇلچىلىق، ئىخلاس ۋە ساداقىتىنى ئىپادىلىشى ھەمدە كېلەر يىلغىچە ئىبادەتتە سۇسلاشمايدىغان بولۇپ ئادەتلىنىشىدۇر.

## ❖قەدىر كېچىسىنىڭ بەرىكەتلىرى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةٍ مُبَارَكَةٍ إِنَّا كُنَّا مُنْذِرِينَ﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق».[②]

قەدىر كېچىسىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن:

• قەدىر كېچىسى ئەمەل-ئىبادەتتە 1000 ئايدىن ئەۋزەلدۇر (يەنى 83 يىل تۆت ئايدىن ئەۋزەلدۇر).
• قۇرئان قەدىر كېچىسىدە نازىل بولغان.
• پەرىشتىلەر كۆپلىگەن رەھمەت ۋە ياخشىلىق بىلەن چۈشىدۇ.
• قەدىر كېچىسى الله قا ئىشەنگەن، الله تىن ئەجىر ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.
• دۇئالار ئىجابەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[②] سۈرە دۇخان 3- ئايەت.

ئەنھاغا مۇنۇ دۇئانى تەۋسىيە قىلغان: «اللَّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ العَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي» «ئى الله ! سەن ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن».[1]

## ❖كېچە ـ كۈندۈز تائەت ـ ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇش

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ــ بەزىلەرنىڭ كېچىلىرى تائەت ـ ئىبادەتتە چىڭ تۇرسىمۇ كۈندۈزلىرى ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق قىلىشى، يەنە بەزىلەرنىڭ پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن ئۇخلاپ قېلىشى.

ئىبنى رەجەب (رەھمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قەدر كېچىسى ھەققىدە ئىمام شەئبى مۇنداق دېگەن: <ئۇنىڭ كۈندۈزىمۇ كېچىسىگە ئوخشاشتۇر>».[2]

شۇڭلاشقا، ئاخىرقى ئون كۈننىڭ كۈندۈزلىرىدىمۇ كېچىلىرىگە ئوخشاشلا تائەت ـ ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇش مۇستەھەپتۇر.

## ❖ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدىكى كېچە نامىزى

كۆپىنچە مەسجىدلەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە كېچە نامىزىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇيدۇ.

• ھەر ئىككىلا بۆلەككە قاتنىشىش يوللۇق، مۇشەققەت كېلىپ قالغان كىشىگە كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى نامازغا قاتنىششى ئەۋزەلدۇر.

• ئەگەر سوھۇرلۇققا ئويغىنالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىسە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ ئۇخلاش كېرەك.

• بىرىنچى بۆلەكنى بىر مەسجىدتە، ئىككىنچى بۆلەكنى يەنە بىر مەسجىدتە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

• مەلۇم مەسجىدتە نامازنى تاماملاپ بولۇپ، يەنە بىر مەسجىدتە يەنە ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇماستىن مەسجىدتىن چىقىپ كەتسە بولىدۇ.

• ئەڭ ئەۋزىلى شۇكى، پۈتۈن بىر كېچىدىكى قىيامنىڭ ساۋابىنى تولۇق ئېلىش ئۈچۈن، ئىمام نامازنى باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ناماز ئاخىرلاشقۇچە

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 228 ـ بەت.

ئىمامغا ئەگىشىپ قىيامدا تۇرۇشتۇر. بىر مەسجىدتىكى كۆپ ئىماملار بىر ئىمامنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئەمما، شەرئىي مەنپەئەت بولسا باشقا مەسجىدتە تولۇقلىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

• كىمكى ئالدىراشلىق ياكى ھورۇنلۇق تۈپەيلى ئىككىنچى بۆلەككە ئىمام بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرالمىسا، بىرىنچى بۆلەكتىن كېيىن ئۆزى يالغۇز ياكى ئەھلىلىرى بىلەن جامائەت بولۇپ ئوقۇسا بولىدۇ. قىيامنى ئۇزۇن قىلىشقا تىرىشىش، ئەجىر ۋە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ۋىتىر نامىزىنىمۇ قوشۇپ ئوقۇش كېرەك.

## ❖قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامىتى

قەدىر كېچىسى نۇرلۇق ۋە ئوچۇق، ھاۋاسى ئىسسىقمۇ ئەمەس سوغۇقمۇ ئەمەس، نە يۇلتۇز ياكى ئۇچقۇنلارمۇ ئېتىلمايدۇ، تاڭ سەھەردە قۇياش سەل ئاقراق ئەمما نۇرسىز شەكىلدە چىقىدىغان بولۇپ، ﷲ بىزنىڭ ئىزدەشكە تىرىشچانلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بۇ كېچىنى يوشۇرغان.

مۇسۇلمان كىشى قەدىر كېچىسىنى دەلىلسىز مۇئەييەنلەشتۈرگەن بەزى ئۆسەك خەۋەرلەرنى تارقاتماسلىقى ياخشىدۇر چۈنكى بۇنداق خەۋەرلەر باشقىلارنىڭ قالغان كۈنلەردە سۇسلىشىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بىز رىزىق ۋە نېئمەتلەر كۆپىيىدىغان بۇ كېچىلەردە تائەت-ئىبادەتنى ئۈزۈلدۈرمەي چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

## ❖قەدىر كېچىسىنى (تەخمىنەن) مۇئەييەنلەشتۈرۈش

ھافىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار قەدىر كېچىسى ھەققىدە 40 تىن ئارتۇق كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، جۇمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت ھەققىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىشىلەرنىڭ شۇ ئىككى ۋاقىتنى ئىزدەشكە تىرىشچانلىق قىلىشى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلا ۋاقىت ئورتاق يوشۇرۇلغان».[1]

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، قەدىر كېچىسى يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

[1] «فتح الباري» 4- توم 262- بەت.

مەسىلەن، بەزىدە 21ـ كېچىلىرى، بەزىدە 23ـ، 25ـ، 27ـ كېچىلىرى ياكى 29ـ كېچىلىرىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن، بەزىدە يەنە جۈپ كېچىلەردە كېلىشى ھەم مۇمكىن». [1]

قەدر كېچىسى بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان كېچە 27ـ كېچىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن «پەيغەمبەر ﷺ مۇ بۇ كېچىدە ئەھلى ـ بالىلىرى ۋە ساھابىلىرىنى يىغىپ تاكى سەھەرگىچە قىيامدا تۇراتتى». [2]

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قمنا مع رسول الله ﷺ في رمضان ليلة ثلاث و عشرين إلى ثلث الليل الأول، ثم قمنا معه ليلة خمس و عشرين إلى نصف الليل، ثم قمنا معه ليلة سبع و عشرين حتى ظننا أن لا ندرك الفلاح ــ يعني السحور» «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە رامىزاننىڭ 23ـ كېچىسى كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرىگىچە قىيامدا تۇردۇق. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە 25ـ كېچىسى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇردۇق. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە 27ـ كېچىسى قىيامدا تۇردۇق، ھەتتا بىز سوھۇرلۇق يېيەلمەيدىغان بولدۇق دەپ ئويلاپ قالدۇق». [3]

## ❖27ـ كېچىدە ئۆمرە ھەج قىلىنامدۇ؟

27ـ كېچە قەدر كېچىسى بولۇش ئېھتىماللىقى بار كېچىدۇر لېكىن ئۇنى ئۆمرە ھەج قىلىشقا خاس قىلىۋېلىشنىڭ ھېچبىر دەلىلى يوق. ئەجىر ۋە ساۋاب ئۇنىڭدا قىيامدا تۇرۇش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قام ليلة القدر إيماناً واحتساباً غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى قەدر كېچىسى (الله قا ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». [4] بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ئۆمرە قىلىشنى تىلغا ئالمىغان. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «عمرة في رمضان تعدل حجة» «رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابى پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا

[1] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 13ـ توم 454ـ بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

باراۋەردۇر» .[1] بۇ ھەدىستىمۇ رامىزاننىڭ 27ـ كېچىسىدىكى ئۆمرە ھەج دېيىلمىگەن.[2]

### ❖قەدر كېچىسىنى ئاخىرقى كېچىلىرىدىن ئىزدەش

27ـ كېچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى رامىزاننىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ بەلكى 29ـ كېچە ھەم مۇبارەك كېچىلەردىندۇر، تېخى ئاخىرقى كېچە قەدر كېچىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «التمسوا ليلة القدر آخر ليلة من رمضان» «قەدر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىدىن ئىزدەڭلار» .[3]

رامىزاندا قىيامدا تۇرسا (ئىلگىرىكى) گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس ئومۇمىي بولۇپ، بۇ ھەدىس قىيامنى ئاخىرقى كېچىگىچە تولۇق قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەي قېرىندىشىم! الله تىن تائەت ـ ئىبادەت، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە سالىھ ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىشى ئۈچۈن ياردەم تىلىگىن.

### ❖ئەمەللەر تۈگەنچىسىگە باغلىق

چاپقۇر ئاتمۇ بەيگىدە نىشانغا يېقىنلاشقاندا پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ. الله تائالا تائەت ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ ئەمما الله نىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى گۈزەل رەۋىشتە باشلاش ۋە مۇكەممەل ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر.

ئى الله ! بىزنى كېلەركى رامىزانغىچە سالامەت قىلغىن، ئىمانىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن.

### ❖قۇرئان خەتمىسىگە ئىشتىراك قىلىش

بەزىلەر قۇرئان تامام بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرۇشقا سەل قارايدۇ. «من قام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى رامىزان (كېچىسى) الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 5ـ توم 263ـ بەت.

[3] ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

(قىيامدا) تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[1] دېگەن ھەدىس رامىزاننىڭ بارلىق كېچىلىرىدە قىيامدا تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. رامىزاننىڭ ھەربىر كېچىسىدە قىيامدا تۇرۇشقا سەل قارىسا، قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشى ياكى كېمىيىپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، تاراۋىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ مەقسىتى پەقەت قۇرئان تامام قىلىشلا ئەمەس بەلكى رامىزان كېچىلىرىنى تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشتۇر. شۇنداقلا، قۇرئان تامام بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرۇشقا سەل قارالغان كېچە قەدىر كېچىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

### ❖ ئەجىر كېمەيمەيدۇ

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شهرا عيد لا ينقصان رمضان وذو الحجة» «رامىزان ۋە زۇلھەججىدىن ئىبارەت ئىككى ھېيت ئېيىنىڭ (سانى كېمىيىپ كەتسىمۇ) ساۋابى كېمەيمەيدۇ».[2] بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ ھەدىسنى چۈشىنىش بىر ئاز قىيىن بولۇپ، ئۇلار: «بۇ ئايلار كۆپىنچە ۋاقىتتا بىر يىلنىڭ ئىچىدە تەڭلا كېمەيمەيدۇ» دەپ چۈشىنىۋالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى «سانى كېمەيسىمۇ، ئىككىسىنىڭ ئەجىر ۋە ساۋابى كېمەيمەيدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشى گەرچە ئاينى تولۇقلىيالماي كەم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئېتىكاپى ئادا تاپقان بولىدۇ.

### ❖ ئېتىكاپ

#### ئېتىكاپنىڭ ھېكمىتى

پەيغەمبەر ﷺ قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تائەت-ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرقى ئون كۈننىڭ ھەممىسىدە ئېتىكاپتا تۇراتتى.

ئەگەر بىر كىشى بىر كېچە ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، شام نامىزىدىن ئىلگىرى ئېتىكاپقا كىرىپ، بامدات نامىزىدىن كېيىن چىقىدۇ.

#### گۈزەل نەمۇنە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە، پەيغەمبەر ﷺ بەلۋېغىنى چىڭىتاتتى؛ ئاياللىرىدىن يىراق تۇراتتى؛ ئەھلىلىرىدىن قىيامدا تۇرالايدىغانلىرىنى كېچە نامىزىغا ئويغىتاتتى؛ كېچىلەرنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ۋە نامازلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى؛ ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە تىرىشچانلىق قىلاتتى؛ تەپەككۇر ۋە ئىبادەتلەر بىلەن مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلاتتى.

**ئېتىكاپنىڭ ۋاقتى**

الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئېتىكاپ قىلىش نىيىتىدە مەسجىدتە تۇرۇش — پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرىدىندۇر. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ئېتىكاپ مۇددىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى بەلگىلەنمىگەن. مەسىلەن: بىر كۈن، بىر كېچە، مەسجىدتىكى ئىككى ياكى ئۈچ ناماز ئارىلىقىدا ۋە ياكى بامداتتىن چاشگاھقىچە دېگەندەك.

ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئېتىكاپ — مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، الله قا تائەت-ئىبادەت قىلىش نىيىتىدە مەسجىدتە تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مېنىڭ قارىشىمدا، ئېتىكاپنىڭ مۇددىتىگە نىسبەتەن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كۈنلەرنى بەلگىلەش توغرىسىدا دەلىل كەلمىگەن. ئېتىكاپ — ئەر ۋە ئايالغا ئورتاق بولغان سۈننەت ئىبادەت بولۇپ، ئەگەر نەزىر قىلغان بولسا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ».[1]

**ئېتىكاپنىڭ باشلىنىشى**

رامىزان ئېيىنىڭ 20-كۈنى قۇياشنىڭ پېتىشى بىلەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى باشلىنىپ، 21-كېچىسى كىرىدۇ. ئاخىرقى ئون كۈندە ياكى ئاشۇ ئون كۈننىڭ ئەۋۋەلقى قىسمىدا ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ئادەم 20-كۈنى قۇياش پېتىشتىن بۇرۇن مەسجىدكە كىرىدۇ.

**ئېتىكاپنىڭ ماھىيىتى**

ئېتىكاپنىڭ مەقسىتى — قەلبنىڭ الله قا يۈزلىنىشىدۇر. يەنى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى قايرىپ قويۇپ، پەقەت يېگانە الله قىلا باغلىنىش؛ بارچە ئەس-يادى الله بىلەن، ئوي-خىيالى الله نى ئەسلەش بىلەنلا بولۇش؛ الله نى

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 441- بەت.

رازى قىلىدىغان ۋە اﷲ قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشنىلا ئويلاشتۇر.

**ئېتىكاپتا رىئايە قىلىدىغان ئىشلار**

ئېتىكاپ قىلىشتىن مەقسەت باشقا ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ تائەت-ئىبادەتكە بېرىلىش، قەلبنى اﷲ قا يۈزلەندۈرۈش، قەدر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش بولغاچقا، تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش زۆرۈر:

- گەرچە ئىككى ھەرەمدىن باشقا مەسجىد بولسىمۇ، قەلبى ئىسلاھ بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مەسجىدلەرنى تاللاش.
- ئورۇنسىز سۆزلەش، زىيادە يەپ-ئىچىش ۋە تېلېفون ئۇچۇرلىرىغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى، بۇ ئىشلاردىن ساقلىنىش قەلبنى يۇمشىتىش ۋە ۋاقىتنى تېجەشكە پايدىلىق.
- ئېتىكاپنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى ئىزدەش ۋە سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىشتىكى بىباھا پۇرسەت دەپ بىلىش.
- ھىممەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەپسىر ۋە قەلبنى ساپلاشتۇرۇشقا ئائىت كىتابلارنى ھەمراھ قىلىش.

**ئېتىكاپ قىلغۇچىلارغا دائىر مەسىلىلەر**

بىز «ئېتىكاپ قىلغۇچى مەسجىدتە تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق تاماق بۇيرۇتۇش ۋە ئاۋازلىق پاراڭلاشماستىن پاي چېكى سودىسى قىلىش» ھەققىدە ئۇستازىمىز ئابدۇراھمان بەراك ھەفىزەھۇللاھتىن سورىغاندۇق، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بۇنداق قىلىش مەسجىدتە ئېلىم-سېتىم قىلىشقا كىرىدۇ، بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەمما ئېتىكاپ قىلغۇچى تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقسا ۋە مەسجىدتە تاماقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۇلنى بەرسە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە تاماق ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل قەرز ھېسابلىنىدۇ، مەسجىدتە قەرز ئادا قىلغانلىق ھەققىدە ھەدىس كەلگەن».

ئېتىكاپ قىلغۇچى ھاجەت ئادا قىلىش، جۇنۇب بولۇپ قالسا غۇسلى قىلىش ۋە تاماق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم بولمىسا تاماق سېتىۋېلىش قاتارلىق زۆرۈر ھاجەتلىرى ئۈچۈن سىرتقا چىقسا بولىدۇ.

ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ مەسجىدتىن ھاجەتسىز چىقىشى دۇرۇس ئەمەس ئەمما كېسەل يوقلاش ۋە جىنازىغا ئەگىشىشتەك ئىشلارنى ئېتىكاپنى باشلىغاندا

شەرت قىلغان بولسا چىقسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئېھتىلام بولۇپ قېلىش سەۋەبلىك ئېتىكاپ بۇزۇلمايدۇ.

**خىزمەتچى كىشىنىڭ ئېتىكاپ قىلىشىغا دائىر مەسىلىلەر**

• ئېتىكاپ ئارقىلىق قەلبىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن خىزمەتچى كىشىنىڭ (مەسئۇلىدىن) رۇخسەت سورىشى تولىمۇ گۈزەل بىر ئىشتۇر.

• خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن (يەنى قاچان ئېھتىياجلىق بولسا) ئېتىكاپتىن چىقىشنى شەرت قىلىش ـــ ئېتىكاپنىڭ ھېكمىتىگە زىت بىر ئىشتۇر.

• خىزمەت تەرتىپى ياكى مەنپەئەتى يول قويمىغان ئەھۋالدا ئېتىكاپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

• تولۇق بىر كېچە ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان كىشى كۈن پاتقاندىن تارتىپ تاكى سۈبھىگىچە ئېتىكاپ قىلىدۇ. ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرى تولۇق بىر كۈن ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان كىشىگە ناھايىتى ياخشى پۇرسەتتۇر.

**ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ مىسالى**

ئەتا خۇراسانى مۇنداق دېگەن: «ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ مىسالى ـــ ئۆز رەببى ئالدىغا تاشلانغان ۋە ‹ئى رەببىم! سەن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلمىغۇچە ۋە ماڭا رەھمەت قىلمىغۇچە ئورنۇمدىن تۇرمايمەن› دېگەن كىشىگە ئوخشايدۇ».[1]

ئى رەببىم! بەندەڭ ئاسىي، خاتاكاردۇر ھوزۇرۇڭدا،
كۆپايە قىلماس ھايا، قىلغان گۇناھىم ئالدىدا.
گۇناھلىرىم قاتمۇ ـ قاتتۇر، ئېشىپ ھەددۇ ـ چېگرادىن،
قورقۇپ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئەپۇ تىلەپ ئازغىنا،
يا رەببىم! ئەپۇ ئەتكىن، پەقەت سەن مېھرىبان دۇنيادا.

**ئاياللارنىڭ ئېتىكاپى**

مۇسۇلمان ئايال تۆۋەندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئېتىكاپ قىلسا بولىدۇ:

[1] «شعب الإيمان» 3 ـ توم 426 ـ بەت.

- ئېرى ياكى ۋەلىيسى رۇخسەت بىرىش.
- ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان مەسجىد پەردىلىك ۋە خاتىرجەم بولۇش.
- يوللار بىخەتەر بولۇش.
- ئېتىكاپ جەريانىدا ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ ھەقلىرى زىيانغا ئۇچرىماسلىق.
- ئېرى ئېتىكاپتىن چىقىشقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىش.
- ھەيز ۋە نىپاستىن پاك بولۇش.
- ئېلېكترونلۇق كامېرا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىش.
- ئىخلاسمەن بولۇش ۋە پەخىر قىلماسلىق.

## ❖رامىزان ۋە قۇرئان

### قەلب ھاياتلىقى

قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىش ـــ قەلب ھاياتلىقىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان كىشى قەلب ھاياتلىقىنىڭ بۈيۈك ئاچقۇچىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. قەلبكە نىسبەتەن قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشتىنمۇ ئارتۇق مەنپەئەتلىك داۋا يوق.

مالىك ئىبنى دىينار رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يامغۇر زېمىننىڭ ياشناتقۇچى باھارى بولغىنىدەك، قۇرئان مۇئمىننىڭ قەلب باھارىدۇر».[1]

### ھەر ئۈچ كۈن

ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قۇرئاننى تامام قىلىشقا ئادەتلەنگەن بىر كىشىنىڭ دوستلىرى ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

ـــ قانداق ۋاقىت چىقىرالايسىز؟ ـــ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

ـــ ئەزاندىن يېرىم سائەت بۇرۇن مەسجىدكە كىرىپ بىر پارە ئوقۇيمەن، ئەزاندىن كېيىن نامازغا تۇرغۇچە يېرىم پارە، نامازدىن كېيىن يېرىم پارە ئوقۇيمەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەر بىر ۋاق نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىككى پارە بولىدۇ. بۇ ئىشنى ھەر بەش ۋاق نامازدا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىمەن-دە، بىر كۈندە ئون پارە بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قۇرئاننى تامام قىلالايمەن

[1] «حلية الأولياء» 2ـ توم 358ـ بەت.

ـــ دەپ جاۋاب بەرگەن.

**رامىزان ئېيى ـــ قۇرئان ئېيىدۇر**

• رامىزان كېچىلىرىدە قەلبنى ساپلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ـــ قۇرئان ئوقۇشتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «فقد كان جبريل عليه السلام يلقى النبي ﷺ كل ليلة من رمضان فيدارسه القرآن» «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى».[1]

• قەلبنى پاكلاپ نەپسنى ياخشىلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۇئمىن ئايالنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى ياكى ھەمشىرىلىرى بىلەن قۇرئان ئوقۇشى نېمىدېگەن ياخشى-ھە!

• قۇرئان تامام بولغاندا يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى تارقىتىش بىدئەتتۇر چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ياكى تابىئىنلارنىڭ قۇرئان تامام بولغاندا يېمەكلىك ياكى تاتلىق تۈرۈملەرنى تارقاتقانلىقى ۋە بۇنى زۆرۈر دەپ قارىغانلىقى توغرىسىدا دەلىل كەلمىگەن. گەرچە يېمەك-ئىچمەك تارقىتىش ياخشى ئىش بولسىمۇ، ئۇنى قۇرئان تامام بولغان ۋاقىتقا خاسلاشتۇرۇۋېلىش ـــ دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەتتۇر، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.[2]

**ئى ھەمشىرەم! غەم قىلماڭ**

مۇسۇلمان ئايال رامىزاندا قۇرئان تامام قىلىش مەقسىتىدە قۇرئان ئوقۇشنى باشلاپ، تامام قىلىپ بولغۇچە ھەيز كېلىپ قالسا، قۇرئاننى تامام قىلىش ئۈچۈن ھەيزادىر ھالىتىدە بولسىمۇ يادقا ئوقۇسا بولىدۇ. ئەگەر قۇرئانغا قاراپ ئوقۇماقچى بولسا، قۇرئاننى بىۋاستە تۇتماستىن پەلەيگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق توسۇق بولۇش شەرتىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.[3]

**قەلب ھاياتلىقى**

ياخشى نىيەتنى قانچە كۆپ قىلغانسېرى ئەمەلنىڭ ساۋابى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «وإنما لكل امرئ ما نوى» «ھەربىر ئىنسان پەقەت ئۆزى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتاوى اللجنة الدائمة» 2- توم 489- بەت.
[3] «مجموع فتاوى ابن باز» 6- توم 361- بەت.

نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ». ① قۇرئان ئوقۇشتا ناھايىتى كۆپ ۋە ياخشى نىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. بۇلاردىن:

- ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىش. مەسىلەن، بىر ھەرپ ئوقۇش بىر ياخشىلىق، شۇ بىر ياخشىلىق يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئون ياخشىلىققا ھەسسىلىنىدۇ.
- شاپائەت تەلەپ قىلىش. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «الصيام والقرآن يشفعان للعبد يوم القيامة» «قۇرئان بىلەن روزا ئىككىسى قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ». ②

## ❖زىكىر ۋە مۇناجاتلار

- الله تىن سوراش ۋە دۇئا قىلىش.
- جەننەتتىكى دەرىجىلەرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «فإن منزلتك عند آخر آية تقرؤها» «جەننەتتىكى دەرىجەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ». ③
- شاپائەت تەلەپ قىلىش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «بىز مۆئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز»④.
- دىل ئارامچىلىقى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «بىلىڭلاركى، دىللار پەقەت الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»⑤.
- ئىلىم ۋە ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىش. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خيركم من تعلم القرآن وعلمه» «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر». ⑥
- تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② ئىمام ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
④ سۈرە ئىسرا 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ سۈرە رەئد 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

﴿إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»[1].

يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشى نىيەتنى (كۆپ قىلىشقا) ئادەتلىنىڭلار چۈنكى ئۇ ساۋاب جەھەتتە ئەمەلدىن ئارتۇقتۇر»[2].

## ❖پىتىر زاكىتىنىڭ ئەھكاملىرى

پەيغەمبەر ﷺ روزىدارنىڭ پاكلىنىشى ۋە مىسكىنلەرنىڭ تائاملىنىشى ئۈچۈن پىتىر زاكىتىنى پەرز قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۆزى ۋە ئەھلى بالىلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك تەمىناتىدىن ۋە ھېيت كۈنلۈك ئېھتىياجىدىن ئاشقۇدەك نەرسىسى بار ھەربىر مۇسۇلمانغا، روزا تۇتقان بولسۇن ياكى تۇتالمىغان بولسۇن پىتىر زاكىتى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. پىتىر زاكىتى شۇ رايوننىڭ كۈندىلىك (نورمال) ئوزۇقىدىن ھېسابلاپ بېرىلىدۇ. ئۆلچىمى بىر سا بولۇپ، بۇ تەخمىنەن 3 كىلوگرامغا تەڭ.

پىتىر زاكىتىنىڭ ئەھكاملىرى تۆۋەندىكىچە:

- كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا نەق پۇل بېرىشكە بولمايدۇ.
- مۇسۇلمان كىشى ئۆزى ۋە ھامىيلىقىدىكى ئايالى، بالىسى ۋە ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ پىتىر زاكىتىنى ئۆزى بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.
- قورساقتىكى ھامىلە ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش مۇستەھەپتۇر.
- ئەگەر قەرزدار ياكى كەمبەغەل كىشى بولسا، يېنىدا ھېيت كۈنى ئۆزى ۋە بالا-چاقىلىرىدىن ئېشىنغۇدەك نەرسىسى بولسىلا ئۇ كىشىدىن پىتىر زاكىتى ساقىت قىلىنمايدۇ بەلكى سىرتتىن كەلگەن زاكاتتىن بولسىمۇ پىتىر زاكىتىنى بېرىدۇ.
- گۈرۈچ، بۇغداي ۋە ئۇنىغا ئوخشاش دانلىق يېمەكلىكتىن ياسالغان تەييار چۆپ قاتارلىقلاردىن 3 كىلوگرام ئەتراپىدا بەرسە بولىدۇ.
- پىتىر زاكىتىنى كۆپ كىشىلەرگە تەقسىملەپ بېرىش دۇرۇس بولغاندەك،

[1] سۈرە ئىسرا 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «حلية الأولياء» 3- توم 70- بەت.

(ئۆلچەمدىن) كۆپرەك بېرىشمۇ ھەم دۇرۇس بولىدۇ. پىتىر زاكىتىنى يېنىدا بار نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن بېرىش مۇستەھەپتۇر.

• پىتىر زاكىتىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردە بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شەھەردە كەمبەغەللەر يوق بولسا، باشقا شەھەردىكى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىش دۇرۇس.

• پىتىر زاكىتىنى روزا ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بېرىش مۇستەھەپ. ھېيت كۈنىدىن بىر-ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرىش ياكى ھارپا كۈنى ئاخشىمى بېرىشمۇ دۇرۇس.

• پىتىر زاكىتىنى بېرىشكە ئۆزىنىڭ ۋاقتى يەتمىسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاكالىتەن ئادەم تەيىنلەپ قويسىمۇ بولىدۇ.

• ئەگەر ئېسىدە بار تۇرۇپ پىتىر زاكىتىنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرسە گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ تەۋبە قىلىپ تۇرۇپ پىتىر زاكىتىنى ئادا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

• پىتىر زاكىتى كەمبەغەل ۋە مىسكىن مۇسۇلمان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ، خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا بېرىلمەيدۇ.

**باشقىلار ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىپ قويۇش**

بىر كىشى شوپۇر، خىزمەتچى... قاتارلىق ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلىرى ئۈچۈن پىتىر زاكىتىنى ئادا قىلىپ قويسا، ئەگەر بۇ كىشىلەر رازى بولسا پىتىر زاكىتى ئادا تاپىدۇ، ۋاكالىتەن بېرىپ قويغان كىشىمۇ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

## ❖پەرز زاكاتنىڭ ئەھكاملىرى

**زاكات بېرىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

زاكات روزىدارلارنى ئىپتارلىتىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ چۈنكى ئۇنى كەمبەغەل مۇسۇلمانغا بېرىش ۋاجىب. ھالبۇكى، ئىپتارغا كەلگەنلەر ئىچىدە كەمبەغەل ئەمەس كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. گەرچە يېتىم بولسىمۇ، كەمبەغەل بولمىسا زاكات بېرىلمەيدۇ چۈنكى يېتىمنىڭ مىراس ئارقىلىق باي بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

شوپۇر ۋە خىزمەتچىسى زاكات ئېلىشقا لايىق كىشىلەر بولسا زاكاتنى شۇلارغا بەرسە بولىدۇ، لېكىن زاكات بەرگۈچى بەرگەن زاكىتىدىن ئۆزىگە بىرەر مەنپەئەت كېلىشىنى تەمە قىلماسلىقى لازىم.

**مائاشنىڭ زاكىتى**

مائاشنىڭ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ:

- ئېشىنماي خەجلىنىپ تۈگەيدۇ، بۇ ھالەتتە زاكات كەلمەيدۇ.
- مائاشتىن نىسابقا يەتكۈدەك ياكى نىسابتىن ئاز بولغان مەبلەغ ساقلاپ قويۇلىدۇ.

مائاش زاكىتىنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ـــ ساقلاپ قويغان مائاش نىسابقا يەتكەن ۋاقتىنى يىل بېشى قىلىپ بېكىتىۋېلىپ، ئاندىن بىر يىل تاماملانغاندا ھەممىسىنىڭ زاكىتىنى بىراقلا چىقىرىش. ئۇنداق بولغاندا بىر يىل تولۇق ئۆتكەن ۋاقىتتا ئادا تاپقان بولىدۇ. يېقىنقى ۋاقىتتىكى بولسا ئالدىرىتىلغان زاكات بولىدۇ. زاكاتنى ئالدىرىتىپ بىرىشمۇ دۇرۇس.[1]

**زاكاتنىڭ نىيىتى**

زاكاتنى بەرگەندە زاكاتنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن بىرىش زاكاتنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. شۇڭا ئىلگىرى سەدىقە قىلىش نىيىتى بىلەن بەرگىنىنى زاكاتقا ھېسابلاش دۇرۇس ئەمەس. زاكاتنى بىر يىل تولۇق ئۆتكەن ۋاقىتتا دەرھال ئادا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، يىل ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بىر يىل توشۇشتىن ئىلگىرى زاكاتنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن زاكىتىنى بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

**يەر ـ زېمىنلارنىڭ زاكىتى**

- تۇرالغۇ زېمىنلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

ئىجارىگە بىرىلىدىغان زېمىنلارغا زاكات كەلمەيدۇ بەلكى ئىجارە پۇلىغا بىر يىل ئۆتسە ياكى ئىجارە پۇلىدىن قالغان قىسمىغا بىر يىل ئۆتسە زاكات ئايرىيدۇ.

- تىجارەتكە تەييارلاپ قويغان زېمىن ئۈچۈن زاكات بىرىش ۋاجىب بولىدۇ.

مەلۇم زېمىننى تۇرالغۇ قىلىپ ئىشلىتىش ياكى تىجارەتكە ئىشلىتىش

---

[1] «فتاوى اللجنة الدائمة» 9ـ توم 280ـ بەت.

مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قالغان كىشىگە، گەرچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ، تاكى جەزم قىلغانغا قەدەر زاكات بىرىش ۋاجىب بولمايدۇ.[1]

- ئىگىدارلىق ھوقۇقى باشقىلارغا ئۆتۈپ كەتكەن زېمىن.

باھاسى بەلگىلىنىپ بولغان ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى باشقىلارغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىگىسى زېمىنىنىڭ پۇلىنى قولىغا ئالالمىغان بولسا، بۇنداق زېمىنىنىڭ ئىگىسىگە تاكى شۇ زېمىنىنىڭ پۇلىنى قولىغا ئېلىپ بىر يىل ئۆتمىگىچە زاكات كەلمەيدۇ.[2]

**پاي چېكىنىڭ زاكىتى**

ئەسلىدە، پاي چېكىنىڭ زاكىتىنى پايچىك ئۆزى بېرىدۇ ئەمما تۆۋەندىكى 4 خىل ھالەتتە پاي چېكى تارقاتقان شىركەتلەر پايچىكلارغا ۋاكالىتەن زاكاتنى ئادا قىلىدۇ:

- شىركەت ئاساسىي قانۇنىدا مۇشۇ تۆردىكى ئىش بەلگىلەنگەن بولسا.
- ئاممىۋي جەمئىيەتلەردىن شۇنداق قارار چىقىرىلغان بولسا.
- دۆلەت قانۇنىدا شىركەتلەرنىڭ زاكات ئادا قىلىشى بېكىتىلگەن بولسا.
- پايچىك زاكات بېرىش ئىشىنى شىركەتكە ھاۋالە قىلغان بولسا.[3]

ئەگەر پاي چېكىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ پاي چېكى بازىرى كاساتلاشسا، پاي چېكىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نەق سېتىلىدىغان قىممىتىنى ھېسابلاپ، ھېسابلاپ چىقىلغان قىممىتى نىسابقا يەتسە، شۇ قىممەتنىڭ 2.5% نى زاكات قىلىپ ئايرىيدۇ.

پاي چېكى ۋە باھاسى ئۆرلىگەندە سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان زېمىنلار ئۈچۈن، ھەر يىلى بازاردا سېتىلىدىغان قىممىتىنىڭ 2.5% نى زاكات قىلىپ ئايرىيدۇ. ئەگەر ساتقاندا بىرىشكە زۆرۈرىيەت قىستاپ قالسا، ساتقان ۋاقىتتا ھەر يىللىق زاكات مىقدارىنى ھېسابلاپ 2.5% نى ئايرىشمۇ دۇرۇستۇر.

**زاكات كەلمەيدىغان نەرسىلەر**

ئولتۇراق جاي، ئائىلە سەرەمجانلىرى، زېبۇ-زىننەت، قاتناش ۋاستىلىرى،

---

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 14- توم 167- بەت.
[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 14- توم 41- بەت.
[3] «مجلة المجمع الفقهي» 4- توم 881- بەت.

ھۈنەر-كەسىپ، زاۋۇت سايمانلىرى، قورۇلۇش بىنالىرىنى ھۆددىگە ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان سايمانلارغا ئوخشاش نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ ئەمما ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە زاكات كېلىدۇ.

## ❖روزا ھېيت ئەھكاملىرى

### شەۋۋالنىڭ يېڭى ئېيى

شەۋۋالنىڭ يېڭى ئېيى چىققانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن:

- مەسجىدلەردىكى جامائەت تاراۋىھ نامىزى ئوقۇشتىن توختايدۇ ۋە ھەربىر كىشى ئۆزى يالغۇز تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدۇ.
- ھېيت نامىزىغا تەكبىر ئېيتىشنى باشلايدۇ.
- ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر پىتىر زاكىتىنى بېرىش داۋاملىشىدۇ.

### رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرى

- الله تائالا رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىشنى يولغا قويغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ﴾ «الله (ئاغرىغلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى خالايدۇ»[1].
- مەسجىد، بازار ۋە ئۆيلەردە تەكبىرنى ئۈنلۈك ئېيتىش سۈننەتتۇر.
- شەۋۋالنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش ئىسپاتلانغاندىن تارتىپ تەكبىر ئېيتىش باشلىنىدۇ.
- تەكبىرنىڭ سۈپىتى: «الله أكبر، الله أكبر، لا إله إلا الله والله أكبر، الله أكبر ولله الحمد».[2]
- ھېيت نامىزىدىن كېيىن تەكبىر ئاخىرلىشىدۇ.

### كىشىلەر ئېغىز ئاچقان كۈندە ئېغىز ئېچىش

---

[1] سۈرە بەقەرە 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] تەرجىمىسى: الله بۈيۈكتۇر، الله بۈيۈكتۇر، بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله بۈيۈكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا الله قا خاستۇر.

بىر ئادەم مەلۇم بىر شەھەردە روزا تۇتۇپ، ئاندىن ئۇ شەھەردىن بىرەر كۈن ئىلگىرى ياكى كېيىن روزا تۇتۇشنى باشلىغان باشقا بىر شەھەرگە بارغان بولسا، گەرچە روزىسى ئارتۇق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، شۇ شەھەر خەلقىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الصوم يوم تصومون، والفطر يوم تفطرون» «جامائەت روزا تۇتقان كۈندە روزا تۇتۇلىدۇ، جامائەت ئېغىز ئاچقان كۈندە ئېغىز ئېچىلىدۇ».[1] لېكىن 29 كۈندىن كەم بولۇپ قالسا، ھېيتتىن كېيىن تولۇقلاپ تۇتىدۇ.[2]

**يېڭى ئاينى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىشلار**

ئۆتكەنكى يىللاردا بەزى ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ جەزم قىلىپ ئېيتقان «بۈگۈن كېچە يېڭى ئاينى كۆرىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار!» دېگەن سۆزىنىڭ دەل ئەكسىچە، بىر قانچە رايونلاردا نۇرغۇن ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ شەۋۋالنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈشىدەك ھادىسىلەر كۆرۈلدى. بۇ — مۇسۇلمانلارنىڭ ئاينىڭ كىرگەنلىكى ۋە ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاشتا يېڭى ئاينى كۆرۈشتە ئاساسلانغان شەرئىي دەلىللەرنى چىڭ تۇتۇشى، ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ بەزىدە خاتالىشىپ قالىدىغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىختىلاپلىشىپ قالىدىغان ھېسابلاشلىرىغا تايانماسلىقى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ھېيتنىڭ سۈننەتلىرى**

- يۇيۇنۇش، ياسىنىش ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىش.
- ئىمكانقەدەر نامازگاھقا بۇرۇن بېرىش ۋە ھېيت نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇغان كىشى تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىدىن باشقا ناماز ئوقۇماسلىق.
- ئىمكانقەدەر مېڭىپ بېرىش ۋە نامازدىن قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتىش.
- ناماز تەكبىرلىرى ئارىسىدا ھەمدۇ-سانا ۋە دۇرۇت ئوقۇش. ئەمما، ئۆتۈپ كەتكەن بولسا قايتا ئادا قىلمىسىمۇ بولىدۇ.
- نامازغا ئۈلگۈرەلمىسە خۇتبىدىن كېيىن قازاسىنى قىلىش ئەۋزەلدۇر.

**ھېيت ۋە جۈمە كۈنىنىڭ بىر كۈندە كېلىپ قېلىشى**

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 155- بەت.

جۈمە كۈنىدە ھېيت كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزى ئوقۇغان كىشىگە جۈمە ياكى پېشىن نامىزى ئوقۇشتا ئىختىيارلىق بېرىلگەن ئەمما جۈمە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قد اجتمع في يومكم هذا عيدان فمن شاء أجزأه من الجمعة، وإنا مجمعون» «بۈگۈن ئىككى ھېيت بىر كۈندە كەلدى، شۇڭا ھېيت نامىزى ئوقۇغان ئادەم جۈمە نامىزىغا كەلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بىز جۈمە ئوقۇيمىز». [1]

ئەگەر ئىككى كىشى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىمام جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. [2]

**ھېيت چىقىملىرى**

بەزىدە ھېيتتا قىلىنىغان چىقىملار ئائىلە رىشتىسى ۋە ھېيت خۇشاللىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

- ھال-ئەھۋالىغا يارىشا چىقىم قىلىش.
- كەمبەغەل كىشى الله ئاتا قىلغان قول ئېلىكىدىكى نەرسىسىنى چىقىم قىلىدۇ ئەمما قەرز ئالمايدۇ. ئەھلى ۋە بالا-چاقىلىرىغا قايىل قىلارلىق ۋە گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ، ياخشى ۋەدىلەرنى بېرىدۇ.
- ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق ۋە پۇل-ماللىرىنى ھارام يوللارغا ئىشلەتمەسلىك.
- باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش.
- ئىمكان بار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش.

**ھېيتلارنىڭ ھېيتى**

ھېيت كۈنىدىكى شاد-خۇراملىقتا تولغان گۈزەل ۋاقىتلار — الله نىڭ رازىلىقى بىلەن نىجات تېپىشنى، الله نىڭ جەننىتىگە كىرىش ۋە جەننەتتە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈش قاتارلىقلارنى ئەسلەشتىكى ناھايىتى ياخشى ئالتۇن پۇرسەتتۇر. الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كۈن ئەڭ كاتتا ھېيت كۈنى بولىدۇ. ئىنسان قەلبىگە كېچىپ باقمىغان خۇرسەنچىلىك ۋە شاد-خۇراملىقلار ئەنە شۇ كۈندە بولىدۇ.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 13- توم 13- بەت.

چىقتى خەلق يىغىلىپ جەم بولۇپ ھېيت كۈنىدە،
زىنىنەتلىنىپ، خۇشنۇد بوپ، خۇرسەنلىكتە تەنتەنە.
كۆردۈم الله رىزاسىن ئۇشبۇ ھېيتنىڭ پەيتىدە،
گۈزەل ھېيتىم بۇ مېنىڭ قەلبىم خۇشال بەختتە.

روزا ھېيت كۈنى ــ مۇكاپات كۈنىدۇر. چۈنكى ھېيت كۈنى رامىزاندا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ مۇكاپات تەقسىملىنىدۇ. كىمكى الله قا چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ۋە الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرغان ۋە روزا تۇتقان بولسا، ئەمىلىگە يارىشا تولۇق ئەجرىنى ئالىدۇ. روزا ھېيتنىڭ كىرىشى بىلەن روزا ئەمىلى تاماملانغان بولىدۇ. الله تىن بىزلەرگە مول مۇكاپات ۋە قىلغان ئازغىنە تىرىشچانلىقىمىزغا كۆپلەپ ئەجىر ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

### ❖رامىزاندىن كېيىن

**تائەت ـ ئىبادەتتە مۇستەھكەم تۇرۇش**

گەرچە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇبارەك رامىزان ئېيى ئاخىرلاشسىمۇ، لېكىن مۇئمىنىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادىتى تاكى ئۇ ۋاپات تاپمىغۇچە ئاخىرلاشمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ «سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن»[①].

الله تائالا ئەمەلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى ئۆلۈمگىچە داۋاملىشىدىغان قىلدى. مەسىلەن: شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن ۋە ھەر ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش، تەرتىپلەنگەن سۈننەت نامازلار، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ۋىتىر نامىزى ئوقۇش قاتارلىقلار تاكى بەندە ۋاپات تاپقۇچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

ھەقىقىي مەقسىتىگە ئېرىشكەن ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ــ رامىزاننى ياخشى ئەمەل قىلىدىغان ئۆتكۈنچى بىر مەزگىل ئەمەس بەلكى ئۆز نەپسىنى الله قا ۋە الله نىڭ ئىتائىتىگە كۆندۈرۈشكە تەربىيىلەش دەۋرى دەپ بىلگەن كىشىلەردۇر.

**قوبۇل بولۇش ياكى بولماسلىق**

① سۈرە ھىجر 99 ـ ئايەت.

ئەمەللەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىشى ـــ ئۇنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىقنىڭ بولۇشى نېمىدېگەن گۈزەل، ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىقنىڭ بولۇشى نېمىدېگەن قەبىھ، تائەت ـ ئىبادەتنىڭ پەزىلەتلىرىگە ئېرىشكەندىن كېيىن مەئسىيەت خارلىقىغا مۇپتىلا بولۇش نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!

ئى الله ! بىزنى ساڭا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئەزىز قىلغىنىكى، ھەرگىزمۇ ساڭا ئاسىي بولۇش بىلەن خار قىلمىغىن.

**قەلبلىرى قورقۇپ تۇرۇش**

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇ رەۋۋاد مۇنداق دېگەن: «تەقۋادارلارنىڭ سالىھ ئەمەل قىلىشقا بەكمۇ تىرىشقانلىقىنى، ئەمەل ئاخىرلاشقاندا بولسا ئەمەلىم قوبۇل بولغانمىدۇ ياكى قوبۇل بولمىغانمىدۇ دەپ غەم قىلىشقانلىقىنى كۆردۈم». [1]

ئەمەللىرىدىن ئەنسىرەيدىغان كىشى ئىبادەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە كۆپرەك ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ ﴿وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ﴾ «سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر»[2] دېگەن بۇ ئايەتتىكى كىشىلەر ھەققىدە، مۇنداق دېگەن: «بأنهم الذين يصومون ويصلون ويتصدقون وهم يخافون ألا يقبل منهم» «ئۇلار روزا تۇتىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان، لېكىن بۇ ئەمەللىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن قوبۇل بولماي قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر». [3]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَهُمْ لَهَا سَابِقُونَ﴾ «ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر»[4].

**پالانچىدەك بولما!**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «يا

[1] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 232 ـ بەت.
[2] سۈرە مۇئمىنۇن 60 ـ ئايەت.
[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] سۈرە مۇئمىنۇن 61 ـ ئايەت.

عبد اللّٰه، لا تكن مثل فلان، كان يقوم الليل فترك قيام الليل» «ئى ئابدۇللاھ! سەن پالانچىدەك بولما. ئۇ كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، كېيىن كېچىلىك نامىزىنى تاشلاپ قويدى». [1]

يەنى، دەسلىپىدە ۋىتىر نامىزىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، كېيىن سۇسلۇق قىلغان؛ قۇرئاننى رامىزاندا ئوقۇپ، كېيىن تاشلاپ قويغان؛ بىر مەزگىل نامازنىڭ ئەۋۋەلقى سەپلىرىدە بولۇشقا تىرىشىپ، كېيىن سۇسلىشىپ قالغان پالانچىدەك بولمىغىن.

### ❖شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش

• ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «من صام رمضان ثم أتبعه ستاً من شوال كان كصيام الدهر» «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ». [2]

• رامىزان ئېيىدىكى روزا ئون ئايلىق روزىغا، شەۋۋالدىكى ئالتە كۈنلۈك روزا ئىككى ئايلىق روزىغا تەڭ بولۇپ، بۇ روزىلارنى تۇتقان كىشى بىر يىل روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

• بۇ ئالتە كۈنلۈك روزىنى ئۇزۇلدۇرمەي ياكى كۈن ئارىلاپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

• شەۋۋال ئېيىنىڭ قايسىلا كۈنىدە تۇتسا بولىدۇ. يەنى، ئىككىنچى كۈنى باشلىسىمۇ ياكى شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى تۇتسىمۇ دۇرۇستۇر.

• پەرزنى ئادا قىلىش نەپلىنى ئادا قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

رامىزاندىن كېيىن نەپلە روزىغا ئادەتلىنىشنىڭ پايدىلىرى:

• بىر يىللىق روزىنىڭ ساۋابىنى تولۇقلىۋېلىش.

• شەئبان ۋە شەۋۋال ئېيىدىكى روزىلارنىڭ ئەجرى خۇددى پەرز نامازنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۈننەت نامازلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاشتۇر.

• پەرز روزىدا كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش چۈنكى ھەرقانداق روزا كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

• رامىزاندىن كېيىنمۇ روزىغا ئادەتلىنىش ـــ الله خالىسا رامىزان روزىسى قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

• الله نىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش نېئمىتىنى مۇيەسسەر قىلغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۇرۇش.[1]

• ئايال كىشى ئالدىراش بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى شەۋۋالدىكى ئالتە كۈن روزىغا ئىمكان بار ئالدىرىشى كېرەك. ئەگەر شەۋۋال ئېيىدا ئۆزرىلىك بولۇپ قېلىپ تۇتالمىسا، زۇلقەئدە ئېيىدا تۇتسىمۇ بولىدۇ.[2]

بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى: «زۇلقەئدە ئېيىدا تۇتقان روزىنىڭ ساۋابى بىلەن شەۋۋال ئېيىدا تۇتقان روزىنىڭ ساۋابى ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

لېكىن (شەۋۋال ئېيىدا) ئۆزرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن (زۇلقەئدە ئېيىدا تۇتسىمۇ) ئەجرىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا مرض العبد أو سافر كتب الله له ما كان يعمل مقيما صحيحا» «ئەگەر بەندە كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، الله ئۇنىڭغا ساغلام ياكى سەپەرگە چىقمىغان ۋاقىتتا قىلىۋاتقان ئەمىلىنىڭ ساۋابىنى يېزىدۇ».[3][4]

مۇسۇلمان ئايالنىڭ رامىزاندا تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ـــ الله نىڭ ئۇ ئايال ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

• شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنى باشلاشتىن ئىلگىرى رامىزاندىن قالغان قازا روزىلىرىنى ئادا قىلىش كېرەك. چۈنكى قازا روزىنى ئاۋۋال تۇتۇش ـــ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتۇر ۋە پەرزنى ئادا قىلىش الله قا تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر.

• ئايال كىشى قازا روزىنى ئاۋۋال تۇتسا ئۆزىمۇ روزىغا ئادەتلىنىپ بولغان ۋە ئەتراپىدا ئالتە كۈنلۈك روزا تۇتىدىغان باشقا كىشىلەر بولغاچقا، قازا روزا تۇتۇش ئۇنىڭغا تەس تۇيۇلمايدۇ.

• ئەگەر ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا ئارام ئېلىش

---

[1] «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 244- بەت.

[2] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 20- توم 19- بەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 395- بەت.

كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

• زىممىسىدە ئالدىنقى يىلنىڭ قازا روزىسى بار كىشى بولسا، بۇ يىلقى قازا روزىنى تۇتۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تولۇقلاپ تۇتۇشنى باشلايدۇ.

بىر ئادەم شەۋۋال ئېيىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋە ئاق كۈنلىرى (يەنى ئاينىڭ 13ـ، 14ـ ۋە 15ـ كۈنلىرى) روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، بۇ روزىلىرىدا ئالتە كۈنلۈك روزىنىمۇ بىللە نىيەت قىلسا، بارلىق روزىلارنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. قازا روزىسى بار كىشى دۈشەنبە، پەيشەنبە ۋە ئاق كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، شۇ كۈنلۈك روزىسى بىلەن بىللە قازا روزىسىغىمۇ نىيەت قىلسا قوش ئەجىرگە ئېرىششى مۇمكىن. چۈنكى، الله پەزلى ـ مەرھەمىتى تولىمۇ كەڭرى زاتتۇر.

شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈنلۈك روزا ـــ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نەپلە روزا بولۇپ، بۇنىڭ ئەجرىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم ئاخشىمى نىيەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر پەقەت نەپلە تۇتۇشنىلا نىيەت قىلىپ كۈندۈزى نىيەت قىلسا ۋە ئۇ ئادەم نىيەتتىن ئىلگىرى بىر نەرسە يېمىگەن بولسا، نىيەت قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ نەپلە روزىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ.[1]

ئەمما قازا روزىنى ئاخشىمى نىيەت قىلىپ ياتمىسا دۇرۇس بولمايدۇ چۈنكى ئۇ ۋاجىب روزىدۇر.

[1] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 19ـ توم 184ـ بەت.

# نەپلە روزا

### ❖ياخشى پۇرسەت

كۆزەتچىلىك ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلارغا نىسبەتەن بەكمۇ قۇلاي پۇرسەتلەر بار بولۇپ، كېچىدە نۆۋەتچىلىك قىلغاندا كۈندۈزدىكى ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا روزا تۇتالايدۇ. مەلۇم بىر شىركەت خادىمى شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتالىغان، شۇنداقلا يەنە، كۆزەتچىلىك قىلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ روزا تۇتالىغان.

### ❖ئاق كۈنلەرنىڭ روزىسى

قەمەرىيە ھېسابىدا ھەر ئاينىڭ 13-، 14- ۋە 15- كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش مۇستەھەپتۇر. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أمرنا رسول الله ﷺ أن نصوم من الشهر ثلاثة أيام البيض» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى».[①]

بۇ كېچىلەردە ئاي تولۇق چىقىپ ئاقىرىدىغان بولغاچقا ئاق كۈنلەر دەپ ئاتالغان. كېچىلىرى ئاقارغاندا، ئىبادەتلەرنىڭ كۈندۈزىمۇ كېچىدىكىدەك پەزىلەتلىك بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشتۇر.

### ❖ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنداقتا بۇ روزىنى قايسى ۋاقىتتا تۇتىدۇ، ئارقىمۇئارقا تۇتۇشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئارقىمۇئارقا ياكى كۈن ئارىلاپ تۇتسا بولىدۇ.

باشقىلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ﷺ ھەر ئايدا 3 كۈن روزا تۇتامتى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار: «يەنە قايسى ئايلاردا روزا تۇتاتتى؟» دەپ سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «قايسى ئايدا بولسا تۇتۇۋېرەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.[②]

---

[①] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «صوم ثلاثة أيام من كل شهر، صوم الدهر كله» «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر».[1] پەيغەمبەر ﷺ يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە، ھەمسۇل ھىلال، ئەبۇ زەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، ئەبۇ دەرداﺋ، ئۇممۇ سەلەمە (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىق ساھابىلەرگىمۇ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

بۇ روزىنى ھەر ئاينىڭ 13-، 14- ۋە 15- كۈنلىرى تۇتۇش مۇستەھەپتۇر. ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەمما ھەر ئاينىڭ 13-، 14- ۋە 15- كۈنلىرى روزا تۇتۇش پەزىلەت ئۈستىگە پەزىلەت بولۇپ، ناھايىتى ئەۋزەلدۇر».[2]

بۇ روزا بىلەن (شەۋۋال ئېيىدىكى) ئالتە كۈن روزىنى قوشۇپ نىيەت قىلغان كىشىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىشى ئۈمىدلىك بىر ئىشتۇر.

13- كۈنى تەشرىق كۈنلىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ روزا تۇتالمىغان كىشى ھەققىدە ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇنداق كىشى 14- ۋە 15- كۈنلىرى روزا تۇتىدۇ. خالىسا 16- كۈنى ياكى زۇلھەججىنىڭ خالىغان باشقا كۈنىدە تۇتۇپ ئۈچ كۈننى تولۇقلىشى ئەۋزەلدۇر».[3]

## ❖جۈمە كۈنىدىكى روزا

پەقەت جۈمە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈنلا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلماستىن، جۈمە كۈننىڭ ئالدى ياكى كەينىدىكى كۈنلەردە ياكى ئاق كۈنلەر ۋە ئەراپات كۈنىگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر كۈندە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ روزىسى بۇ كۈنگە ئۇدۇل كېلىپ قالغان بولسا، بۇ كىشى چەكلەنگەن كۈندە روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ».[4]

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان كىشىنىڭ قازا روزىنى جۈمە كۈنىدە ئادا قىلىشىمۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «مجموع فتاوى ابن عثيمين» 20- توم 11- بەت.
[3] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 380- بەت.
[4] «فتح الباري» 4- توم 234- بەت.

دۇرۇستۇر.[1]

جۈمە كۈنىدە روزا تۇتقان كىشى روزىسىنىڭ پەقەت جۈمە كۈنىگىلا خاس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شەنبە كۈنىمۇ روزا تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جۈمە كۈنى روزا تۇتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: «أصمت أمس؟» «تۈنۈگۈن روزا تۇتقانمىدىڭىز؟» دەپ سورىغان. جۇۋەيرىيە ئانىمىز: «ياق» دەپ جاۋاپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «أتصومين غدا؟» «ئەتە روزا تۇتامسىز؟» دەپ سورىغان. ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «فأفطري» «(ئۇنداق بولسا) روزىڭىزنى بۇزۇڭ» دېگەن.[2]

## ❖ئايال كىشىنىڭ نەپلە روزا تۇتۇشى

ئايال كىشىنىڭ ئېرى بار ھالەتتە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «لا يحل للمرأة أن تصوم وزوجها شاهد إلا بإذنه» «ئايال كىشىنىڭ ئېرى بار تۇرۇقلۇق ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى ھارامدۇر».[3] چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى نەپلە روزا تۇتۇشتىن ئەۋزەلدۇر.

ئەگەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئېرى روزىنى بۇزۇشقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەگەر باشتا رۇخسەت قىلىپ كېيىن بۇزۇشقا بۇيرۇسىمۇ يەنىلا ئىتائەت قىلىپ روزىسىنى بۇزۇشى كېرەك.

ئەگەر ئېرى قېشىدا بولمىسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تۇتسا بولىدۇ.

ئەمما قازا روزىسى بار بولۇپ، ئەگەر ۋاقىت كەڭرى بولسا ئېرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن تۇتىدۇ. ۋاقىت قىستاپ شەئبان ئېيى كىرىپ قالغان بولسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تۇتۇۋېرىدۇ.[4]

## ❖مۇھەررەم ئېيىدىكى روزا

بۇ ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي بولغاچقا، ھارام قىلىنغانلىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەش ئۈچۈن مۇھەررەم دەپ ئاتالغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

---

[1] «فتاوى اللجنة الدائمة» 10ـ توم 347ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ «شرح رياض الصالحين» ناملىق كىتابى 3ـ توم 146ـ بەت.

«أفضل الصيام بعد رمضان شهر الله المحرم» «رامىزاندىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل روزا — مۇھەررەم ئېيىدىكى روزىدۇر».① الله نىڭ «شهر الله المحرم» دەپ بۇ ئاينى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى بۇ ئاينىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئايدا كۆپ روزا تۇتۇش مۇستەھەپتۇر.

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بىر يىلنى ھارام قىلىنغان ئاي بىلەن باشلاپ ھارام قىلىنغان ئاي بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. بىر يىل ئىچىدە رامىزان ئېيىدىن قالسىلا ئەڭ پەزىلەتلىك ئاي مۇھەررەم ئېيىدۇر».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أفضل الصيام بعد شهر رمضان شهر الله المحرم» «رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل روزا — مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىدۇر».③

بۇ ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار:

- بىر يىل ئىچىدە رامىزان ئېيىدىن قالسىلا ئەڭ پەزىلەتلىك ئاينىڭ مۇھەررەم ئېيى ئىكەنلىكى.
- الله نىڭ بۇ ئاينى ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ، بۇ ئاينىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى.
- بۇ ئايدا ئۇزۇلدۇرمەي بىر ئاي روزا تۇتماسلىق ئەۋزەلدۇر چۈنكى بۇنداق قىلىش قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما رأيت رسول اللّٰه ﷺ استكمل صيام شهر إلا رمضان» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايدا تولۇق روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم».④
- مۇھەررەم ئېيىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىت ئاۋۋالقى ئون كۈنىدۇر.⑤

## ❖ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى) دىكى روزا

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «صيام يوم عاشوراء أحتسب على اللّٰه أن يكفر السنة التي قبله» «الله تائالادىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى بىر

① مۇسلىم توپلىغان.
② «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 36 ـ بەت.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
⑤ «لطائف المعارف» ناملىق كىتاب 35 ـ بەت.

يىللىق گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».[1]

• ئەجىرنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن ئاخشىمى نىيەت قىلىش كېرەك، سوھۇرلۇق يېيىش شۇ نىيەتكە كۇپايە قىلىدۇ.

• پەقەت ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتۇش دۇرۇس، لېكىن 9- كۈنى روزا تۇتالىمىغان كىشىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ئىش قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن 11- كۈنىنى قوشۇپ روزا تۇتۇشى مۇستەھەپتۇر.

• ئەگەر مۇشەققەت بولمىسىلا، مۇساپىر كىشىنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر.

• ساھابىلەر بالىلىرىنى ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۇرەتتى، بالىلارنىڭ قورسىقى ئاچسا ئويۇنچۇقلار ئارقىلىق دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرايتتى.

پەقەت ئاشۇرا كۈنىسىدىلا روزا تۇتۇشمۇ دۇرۇس، لېكىن ئەڭ ئەۋزىلى — ئاشۇرا كۈنى بىلەن 9- كۈنىنىمۇ قوشۇپ تۇتۇشتۇر. 9- ۋە 10-كۈنلىرىدە تۇتۇلغان روزا 10- ۋە 11- كۈنلىرىدە تۇتۇلغان روزىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «لئن بقيت إلى قابل لأصومن التاسع» «ئەگەر مەن كېلەر يىلغىچە ئۆمۈر كۆرسەم، مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىمۇ روزا تۇتىمەن».[2]

مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى:

• يەھۇدىيلارغا قارشى يول تۇتۇش، ئاشۇرا كۈنىنى تېپىشقا تىرىشىش.

• مۇسۇلمان كىشىنىڭ رامىزان روزىسى، ئاشۇرا ۋە ئەراپات كۈنىدە تۇتقان روزىسى، تاھارەت، ناماز، جۈمە ۋە پەرىشتىنىڭ «ئامىن» دېيىشىگە مۇۋاپىقلىشىشى... غا ئوخشاش گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشى كاتتا بىر ياخشىلىقتۇر.

مانا بۇ ئەمەللەر ئارقىلىق كىچىك گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەگەر كىچىك گۇناھلىرى بولمىسا چوڭ گۇناھلىرىنىڭ يەڭگىللىتىلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ، ئەگەر چوڭ گۇناھلىرىمۇ بولمىسا روزىدارنىڭ جەننەتكى دەرىجىلىرى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆرلىتىلىدۇ ۋە ياخشىلىقلىرى كۆپىيىدۇ.

ئاشۇرا كۈنى كاتتا بىر كۈندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِآيَاتِنَا أَنْ أَخْرِجْ قَوْمَكَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ وَذَكِّرْهُمْ بِأَيَّامِ اللَّهِ﴾ «بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ھەقىقەتەن (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (ئۇنىڭغا دېدۇقكى) ‹قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقارغىن، ئۇلارغا الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەتكىن›»[1]. ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى ئۆتكەن بىر يىلدىكى گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ، ئەراپات كۈنىدىكى روزىمۇ ھەم شۇنداق. بۇنداق بولغاندا (گۇناھلاردىن) تېخىمۇ تولۇق پاكلانغىلى، (جەننەتتىكى) دەرىجىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

• ئاشۇرا كۈنىدىكى روزا رامىزان روزىسى پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى پەرز روزا ئىدى، كېيىن مۇستەھەپ بولغان.

• ساھابە ئاياللار بالىلىرىنى ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتقۇزۇشقا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسە ئويۇنچۇقلار ئارقىلىق دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرايتتى.

• ئاشۇرا كۈنى ــ الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى قۇتقۇزۇپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ھالاك قىلغان كاتتا بىر كۈندۇر.

• ئاشۇرا كۈنى الله نىڭ ئۆز دوستلىرىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى، ئۇممەت ھەرقانچە بوزەك ئېتىلسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكنى، الله تىن ياردەم تەلەپ قىلىشى، سەۋر قىلىشى، زالىملارنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ بىر كۈن روزا تۇتۇشتەك ئازغىنە ئەمەل سەۋەبلىك بىر يىللىق گۇناھنى ئۆچۈرۈشتىكى چەكسىز مېھرىبانلىقى ۋە پەزلى ـ كەرەمىنى بىزگە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

«عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: قدم النبي ﷺ المدينة فرأى اليهود تصوم يوم عاشوراء، فقال: ‹ما هذا؟› قالوا: هذا يوم صالح، هذا يوم نجى الله بني إسرائيل من عدوهم، فصامه موسى. قال: ‹فأنا أحق بموسى منكم› فصامه وأمر بصيامه» «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كەلگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقانلىقىنى كۆردى ۋە:

[1] سۈرە ئىبراھىم 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ــ بۇ قانداق روزا؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ بۇ بىر پەزىلەتلىك كۈندۇر. چۈنكى الله بۇ كۈندە بەنى ئىسرائىلنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ مۇشۇ كۈندە روزا تۇتقان ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ:

ــ مەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلغاننى قىلىشقا سىلەردىنمۇ بەكرەك ھەقلىقمەن ــ دېدى. ئاندىن ئۆزى روزا تۇتتى ۋە بىزنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى».[1]

بۇ ھەدىستىن، الله ئاتا قىلغان نىجاتلىق نېمىتىگە روزا تۇتۇش ئارقىلىق شۈكۈر ئېيتىش كېرەكلىكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يەھۇدىيلار ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالاھىدە سانايدىغان بىر پەزىلەتنى يەھۇدىيلارغا قالدۇرۇپ قويمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ كېيىن 9- كۈننى قوشۇش ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا قارشى يول تۇتقان.

ئاشۇرا كۈنى كاتتا كۈن بولۇپ، الله ئۇ كۈندە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋندىن قۇتقۇزغان. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «نحن أولى بموسى منكم» «بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىنمۇ بەكرەك ھەقلىقمىز».[2] بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈشكە، ئۇلارنى تەستىقلاش ۋە ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن كۆرۈشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله قا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) <الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)> دەيدۇ»[3].

پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى ئايرىۋېتكەن، بەزىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە بەقەرە 285- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزىلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئىمان كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئەگەشمىگەن كىشىنىڭ، ئۆزىنى پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى دەپ قاراش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ھەققى بولمايدۇ.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «لا تخصوا يوم الجمعة بصيام من بين الأيام، إلا أن يكون في صوم يصومه أحدكم» «كۈنلەر ئارىسىدىن جۈمە كۈنىنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋالماڭلار، ئەمما تۇتۇپ ئادەتلەنگەن روزاڭلار جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا تۇتساڭلار بولۇۋېرىدۇ».[1] مانا بۇ ھەدىس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئاشۇرا كۈنىدىكى روزا جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، بۇ كۈندە تۇتۇلغان روزا مەكرۇھ ھېسابلانمايدۇ.

ئاشۇرا كۈنى يۈزىگە كاچاتلاش ۋە ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش ــ بىدئەتخورلارنىڭ ئورۇنسىز قىلىقلىرىدۇر. بۇ تولىمۇ يامان بىر يول بولۇپ، بىز بۇنداق بىدئەت ۋە بىدئەت ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدامىز.

بەزى تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا كۆرسىتىلىۋاتقان ئاشۇرا كۈندىكى بىدئەت ۋە خۇراپىيلىقلارنى كۆرگەن كىشى، الله نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان سۈننەتكە ئەگىشىش نېئمىتىگە ھەمدە ئېيتماي تۇرالمايدۇ ھەمدە قېرىنداشلىرىنى بۇنداق بىدئەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئاشۇرا كۈنىدە سۈرمە تارتىش، چاچ بوياش، يۇيۇنۇش ۋە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش قاتارلىقلار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر توقۇلما ھەدىسلەردۇر.

ئاشۇرا كۈنىنىڭ پەزىلىتىگە ئائىت ھەدىسلەر ئىچىدە، ئۇ كۈندە تۇتۇلغان روزىنىڭ بىر يىللىق گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇ كۈندە نىجات تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەردىن باشقا ھەدىسلەر سەھىھ ئەمەستۇر. بۇلار ئۇ كۈننىڭ پەزىلىتى ۋە كاتتىلىقىغا يېتەرلىكتۇر.

«كىمكى ئاشۇرا كۈنى ئەھلى ـ بالىلىرىغا كەڭرى نەپىقات قىلىپ بەرگەن بولسا، الله ئۇنىڭغا يىلىنىڭ قالغان كۈنلىرىدە كەڭرىچىلىك ئاتا قىلىدۇ» دېگەن بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەستۇر.

قازا روزىغا ئوخشاش ۋاجىب روزىنى تۇتۇشتىن بۇرۇن نەپلە روزا تۇتۇشنىڭ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملارنىڭ بىر قانچە خىل باياننلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئەۋزىلى ۋە كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغىنى قازا روزىنى بۇرۇن تۇتۇشتۇر. «ئەگەر قادىر بولالىسام ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتىمەن» دەپ نىيەت قىلغان ئەمما ئاشۇرا كۈنى ئۆزرىلىك بولۇپ قالغان ئايالنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىشى ئۈمىدلىكتۇر. چۈنكى، بۇ ئايال ئۆزرىسى بولمىغان بولسا ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشنى چىن قەلبىدىن نىيەت قىلغان. ئەگەر ئىنسان سالىھ بىر ئەمەلنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ تىرىشقان بولسىمۇ، ساقلانغىلى بولمايدىغان مەلۇم بىر ئۆزرە سەۋەبلىك شۇ ئەمەلنى قىلالمىغان بولسا، يەنىلا قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ.[①]

ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن ئايال كىشى كېسەل ياكى ئۆزرە سەۋەبلىك شۇ كۈنى روزا تۇتالمىغان بولسا، بۇ ئايالنىڭ روزا تۇتقان كىشىلەرگە ئوخشاشلا ساۋابقا ئېرىشىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئايالنىڭ قەلبىدىكى چىن نىيەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلانغانلىقىغا ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ ئايال شۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكى روزا تۇتقان كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

ئەگەر ئاشۇرا كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، روزا تۇتۇش چەكلەنگىنى پەقەت جۈمە كۈنىنىلا روزا تۇتۇشقا خاس كۈن قىلىۋېلىش بولۇپ، جۈمە كۈنىگە شەنبە كۈنىنى قوشۇپ تۇتۇش ئەۋزەلدۇر.

### ❖شەئبان

#### شەئبان ئېيىنىڭ روزىسى

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچبىر ئايدا شەئبان ئېيىدا روزا تۇتقاندەك (كۆپ) روزا تۇتقىنىڭنى كۆرمىدىم» دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ذلك شهر يغفل الناس عنه بين رجب ورمضان وهو شهر ترفع فيه الأعمال إلى رب العالمين فأحب أن يرفع عملي وأنا صائم» «ئۇ ئاي رەجەب ئېيى بىلەن رامىزان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئاي بولۇپ، كىشىلەر

[①] ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ «فتاوى نور على الدرب» ناملىق كىتابى 11- توم 2- بەت.

ئۇ ئايدىن غەپلەتتە قالىدۇ. ئۇ ئايدا ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ رەببىگە كۆتۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ روزىدار ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.[1]

ئەمەللەر الله قا ھەر كۈنى، ھەر ھەپتە ۋە ھەر يىلى كۆتۈرۈلىدۇ.

• كۈندۈزلۈك ئەمەل كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە، كېچىلىك ئەمەل كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە الله قا كۆتۈرۈلىدۇ.

• ھەپتىلىك ئەمەل دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى كۆتۈرۈلىدۇ.

• يىللىق ئەمەل شەئبان ئېيىدا كۆتۈرۈلىدۇ.

• ئۆمۈرلۈك ئەمەل ئەجەل كېلىپ ئەمەل دەپتەرلىرى قاتلانغان ۋاقىتتا كۆتۈرۈلىدۇ.

«إذا انتصف شعبان فلا تصوموا» «شەئبان ئېيى يېرىملاشقاندا (نەپلە) روزا تۇتماڭلار». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان بولۇپ، ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ھەدىسنى «زەئىپ» دېگەن، بىر قىسىم ئالىملار «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەدىستىكى چەكلىمە ئاي يېرىملاشقاندىن كېيىن روزا تۇتۇشنى باشلاشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئاينىڭ كۆپ قىسمىدا روزا تۇتقان بولسا يەنىلا سۈننەتكە مۇۋاپىق روزا تۇتقان بولىدۇ.[2]

(شەئبان) ئېيىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روزا تۇتۇش تۆۋەندىكى ھالەتلەردە دۇرۇس بولىدۇ:

• ئاۋۋالقى يېرىمىدا روزا تۇتقان بولسا؛

• دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا؛

• زىممىسىدە قازا، نەزىر ۋە كەففارەت روزىغا ئوخشاش ۋاجىب روزا قېلىپ قالغان بولسا.

### ❖زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنى

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ زىممىسىدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى بار بولسا، نەپلە روزىنى تۇتۇشتىن بۇرۇن قازا روزىنى تۇتۇش ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بايانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ توغرىسىدۇر. چۈنكى، پەرز

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 25- توم 220- بەت.

نەپلىدىن مۇھىمدۇر.[1]

زىممىسىدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى بار كىشى پەزىلەتلىك ۋاقىتتا زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن نەپلە روزا تۇتۇشتىن بەكرەك قازا روزىنى تۇتۇشقا ئالدىرىشى كېرەك.

### ❖ئەراپات كۈنىنىڭ روزىسى

• ئەراپات كۈنى تۇتۇلغان روزا ئىككى يىللىق گۇناھقا كەففارەت بولىدۇ. ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارام بولغاچقا، ھېيت كۈنى روزا تۇتقان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئۈچ كۈنىدە روزا تۇتۇش پەقەت ھەج قىلىپ قۇربانلىققا مال تاپالمىغان كىشىلەرگىلا دۇرۇس بولىدۇ.

• ﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَيَخْتَارُ﴾ «الله (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ»[2]. «ئىسلامنىڭ قەدىمى پەقەت (الله قا) بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇش ئارقىلىقلا مۇستەھكەم بولىدۇ».[3]

• بىر كۈن روزا تۇتۇش 700 كۈندىن كۆپرەك كۈننىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «صيام يوم عرفة أحتسب على اللَّه أن يكفر السنة التي قبله والسنة التي بعده» «مەن الله تائالادىن ئەراپات كۈنى روزا تۇتقانلارنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».[4]

• ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ: «(ئەراپات كۈنىدە) روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىككى يىللىق گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ» دېگەن.[5]

• ئۆچۈرۈلىدىغىنى كىچىك گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ چۈنكى چوڭ گۇناھلار ئۈچۈن ئايرىم تەۋبە قىلىش لازىم بولىدۇ.

• بۇ كاتتا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك. الله بىلەن قەسەمكى، بۇ پۇرسەتنى پۇلنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

---

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 395- بەت.

[2] سۇرە قەسەس 68- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «العقيدة الطحاوية» ناملىق كىتاب 43- بەت.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] «شرح النووي على مسلم» 8- توم 51- بەت..

• ئەگەر مۇشەققەت كېلىپ قالمىسا، ھەج قىلىدىغان كىشىدىن باشقا مۇساپىرلارنىڭ ئەراپات كۈنى روزا تۇتۇشى دۇرۇستۇر.

• ئەراپات كۈنى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن ئايال كىشى كېسەل، ھەيز ۋە ياكى بالا ئېمىتىشتەك ئۆزرە سەۋەبلىك روزا تۇتالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا نىيىتىگە يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ.

• ئەراپات كۈنىدىكى روزىنىڭ ئەجرىگە تولۇق ئېرىشىش ئۈچۈن ئاخشىمى نىيەت قىلىش كېرەك، سوھورلۇق يېيىش ئاخشىمى نىيەت قىلغانغا ھېساب بولىدۇ.

• ساھابە ئاياللار بالىلىرىنىڭ ئىبادەتكە ۋە ئىسلام شوئارلىرىنى ئۇلۇغلاشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن بۇنداق ئۇلۇغ كۈنلەردە بالىلىرىنى روزا تۇتقۇزۇشقا ھېرىسمەن بولغان ئىدى.

• شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەراپات كۈنى جۈمە كۈنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، مۇسۇلمان كىشى شۇ جۈمە كۈنىلا روزا تۇتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشى جۈمە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەراپات كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتقان بولىدۇ».①

• ئەگەر پەيشەنبە كۈننى قوشۇپ روزا تۇتسا، پەيشەنبە كۈنىمۇ زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنى ئىچىدىكى كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن پەزىلەت ئۈستىگە پەزىلەت بولىدۇ.

• ئايال كىشى ئەراپات كۈنىدىكى روزىغا قازا روزىسىنىمۇ قوشۇپ بىرگە نىيەت قىلسا، ئەراپات كۈنى روزا تۇتقانلىقنىڭمۇ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئاشۇرا كۈنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، قازا روزىسىنى قوشۇپ بىرگە نىيەت قىلسا ئاشۇرا كۈنىنىڭ ساۋابىغىمۇ ئېرىشىدۇ.②

### ❖تەشرىق كۈنلىرى

• ئىبنى ئۆمەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دېگەن: «پەقەت قۇربانلىق قىلىدىغان مال تاپالمىغان كىشىگىلا تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنغان».③

---

① «مجموع فتاوى ابن باز» 15- توم 414- بەت.

② ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ «فتاوى نور على الدرب» ناملىق كىتابى 11- توم 2- بەت.

③ بۇخارى توپلىغان.

• تەشرىق كۈنلىرى ــ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

• كۆپچىلىك ئالىملار «تەشرىق كۈنلىرى مەيلى نەپلە، ياكى قازا، ياكى نەزىر ۋە ياكى كەففارەت روزا بولسۇن روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر بۇ كۈنلەردە روزا تۇتقان بولسا روزىسى روزا بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

• پەيغەمبەر ﷺ تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «انها أيام التشريق أيام أكل وشرب وذكر للّه عز وجل» «تەشرىق كۈنلىرى ــ يەپ ـ ئىچىش ۋە اللە قا زىكىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر».[1] بۇ ھەدىستىن، ھېيت كۈنلىرىدىكى يەپ ـ ئىچىش ئارقىلىق اللە نى ئەسلەش ۋە اللە قا ئىتائەت قىلىشقا ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە شۇنداق قىلىشنىڭ نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا اللە نىڭ نېئمەتلىرىدىن بەھرىلىنىپ تۇرۇپ اللە قا ئاسىيلىق قىلغان كىشى اللە نىڭ نېئمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. بۇنداق كىشىدىكى نېئمەت تارتىۋېلىنىشقا ئەڭ لايىق نېئمەتتۇر.

## ❖يىلنىڭ ئاخىرىنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋېلىش

يىلنىڭ ئاخىرىنى روزا ياكى نامازغا ئوخشاش ئىبادەتكە خاس قىلىۋېلىش بىدئەتتۇر، شۇڭا «يىلىڭىزنى روزا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇڭ!» دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاينى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا شەئباندىن 30 كۈننى تولۇق ساناڭلار

